# ئاميريكا جاھانگرلگنڭ ھەربي
# ئيغۋاگەرچلگنى تارمار قلايلى



# ئامىرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگىنى قەتئىي تارمار قىلايلى

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن - 1958

www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

600 مىللىون خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي تەھدىتى ۋە ئۇرۇش ئىغۋاگەر- چىلىگىنى تارمارقىلالايدۇ. («ردمىن رىباۋ» گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى)........................................ 1

ئامېرىكا جاھانگىرلىگى تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا كەسكىن ۋەزىيەت تۇغدۇرماقتا...........................خۇزىرۇڭ 17

تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى قېدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى..........................دىڭ مىنىەن 40

ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەيۋەنگە تەجاۋۇز قىلىش تارىخى ........................ جۇڭچۇن 62

ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگىنى ئەملىي ھەركىتىمىز بىلەن تارماركەلتۈرەيلى.....ماشىجاڭ 80

تەيۋەن بوغۇزى رايونىنىڭ خەرىتىسى....................... ۋاڭچۇەنجى سىزغان

## قوشۇمچە:

تەيۋەن، پېڭخو تاقىم ئاراللىرى، جىنمىن ئارىلى ۋە مازۇ تاقىم ئاراللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش....................... 90

دېڭىز تەۋەسىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر.............. 97

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى تاربىسى

# 600مىللىون خەلق سىپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي تەھدىدى ۋە ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكىنى تارمار قىلالايلى

(«رىنمىن رىباۋ» گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى)

ئاق ش نىڭ دولەت ئىشلىرى كاتىۋى داللېس 9- ئاينىڭ 4- كۇنى بايانات ئېلان قىلىپ، ئاق ش نىڭ تەيۋەن بوغۇزى رايونىغا قىلىنىۋاتقان تەجاۋۇزىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇن سوزلەپ جۇڭگو خەلقىغە قارشى ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى ۋە ئۇرۇش تەھدىدى سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاختىتا، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئاق ش ئوز مەملىكىتىدىن ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىن نۇرغۇن ئۇرۇش كېمىلىرى ۋە ئايروپىلانلارنى يوتكەپ تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا ھەركەت قىلىۋاتقان 7- ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىدىنى كۇچەيتتى. ھازىرقى كۇنگە كەلگىچە 7- ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىدىدە 7 خاڭكوڭ

مۇجەن، ① 3 ئېغىر چارلىغۇچى پاراخود، 40 قوغلىغۇچى پاراخود بار. ئاقشىنىڭ 46 - جىسىكىچى ئايروپىلانلار ئەترىتى، دېڭىز ئەرمىيىسىنىڭ قورۇغلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى بىرىنچى ئەترىتىنىڭ ئايروپىلانلار ئەترىتى ۋە باشقا بىر نەچچە تۇر- كۇم ئايروپىلانلىرى تەيۋەن ۋە فىلىپپىنگە كەلتۈرۈلدى، ئاقش دېڭىز ئەرمىيىسىنىڭ قورۇغلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرىدىن بىرىنچى تۇركۇم 3،800 ئادەم تەيۋەننىڭ جەنۇبىدا قورۇغلۇقتا چىقتى، باشقا ھەربىي قىسىملىرىمۇ داۋاملىق يېتىپ كەلمەكتە. تەيۋەنگە تەجاۋۇز قىلغان ئاقش ئەسكەرلىرىنىڭ سىلىكبۇسى مۇشۇ ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مانېۋىردا توپچى كېمىلەر ۋە توپ ئوتى بىلەن بىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئارال- لىرىمىزنى ۋە جىگمىن ئارىلىنى مۇھاسىرە قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق پەش قىلدى. جۇڭگو خەلقى پىداكارلىق چوڭ قەدەملەر بىلەن بىلەن ئەمگەك قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىدا سەكرەپ - ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىزنىڭ بېشىمىزغا ئۇرۇشنى زورلاپ تاڭماقچى بولۇۋاتىدۇ! جۇڭگو خەلقى تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئەمما، تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىمىز دەپ ھەرگىز ئىگىلىك ھوقۇقىمىزدىن ۋە زېمىنى- مىزنىڭ پۈتۈنلىكىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ. ئىگىلىك

① ئايروپىلانلارنىڭ قونۇشى ۋە ئۇچۇشى ئۈچۈن ماسلاشقان ئۇرۇش كېمىسى - تەر.

ھوقۇقىمىزنى ۋە زېمىنىمىزنىڭ پۈتۈنلىگىنى ساقلاش ئۈچۈن جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ قىزىل قېنىنى ھەرگىز ئايىمايدۇ. ئەگەر ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى بۇ مەسىلىدە ھەر قانداق خام خىياللارغا بېرىلىدىغان بولسا، ئۇ ناھايىتى زور خاتا قىلغان بولىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ گوۋۇيۇەن زۇڭلىسى جۇئېنلەي جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن: «ئەگەر ئاقش ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ تەكرار-تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ تېنچلىق ئارزۇسىغا ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ئېتىبارسىز قاراپ جۇڭگوغا داۋاملىق تەجاۋۇز ۋە مۇداخىلە قىلىپ، ئۇرۇشنى جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا زورلاپ تاڭىدىغان بولسا، ئاقش ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن تۇغۇلىدىغان بارلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە پۈتۈنلەي ئۆزى جاۋاپكار بولىدۇ» دەپ ئالاھىدە بايانات ئېلان قىلدى. بۇ 650 مىليون خەلقنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىغا بەرگەن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر! پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ھەربىي تەھدىدى ۋە ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىگىنى تارمار كەلتۈرىدۇ!

تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى نەچچە ئەسىردىن بېرى جۇڭگونىڭ زېمىنى، جىنمېن، مازۇغا ئوخشاش دېڭىز بويىدىكى ئاراللار بولۇپمۇ جۇڭگو قۇرۇغلۇقىنىڭ دېڭىز تەۋەسى ئىچىدىكى ئاراللاردۇر، قېدىمقىلارنىڭ: «دېڭىزىمىزنىڭ يېنىدا

باشقىلارنىڭ ھاياسىزلارچە خورەك تارتىپ يېتىشىغا قانداق يول قويالايمىز» دېگەن بىر سۆزى بار. خۇددى بىزنىڭ خەلق ئازاتلىق ئەرمىيىمىز ئۆتمۈشتە خەينەنداۋنى، جۇڭسەن تاقىم ئاراللىرىنى ۋە دېڭىز بويىدىكى باشقا ئاراللارنى ئازات قىلغاندەك بۇ ئاراللارنى ئازات قىلىپ ۋەتەننىڭ قوينىغا يېڭىۋاشتىن كىرگۈزۈشمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ھەققانىي ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسى، تامامەن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. ئەمما ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى ئۆزىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق دائىرىسىنى تەيۋەندىن جىنمېن، مازۇ ئاراللىرىغىچە كېڭەيتىش ئۈچۈن يۈزسىزلەرچە باھانە ئىزدەپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوققا چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ. داللېس ئۆزىنىڭ باياناتىدا تەيۋەن، جىنمېن ۋە مازۇ ئاراللىرى «ئەزەلدىن تارتىپ» جۇڭگونىڭ ئىدارىسى ئاستىدا «بولمىغان» دەپ بىلجىرلىدى، شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ ئاراللارنى ئازات قىلىش يولىدىكى ھەرقانداق ھەركەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى «دۇنيا تەرتىۋىنىڭ ئاساسى بولغان پرىنسىپنى، يەنى ھەرقانداق بىر مەملىكەت قوراللىق كۈچ بىلەن يېڭى يەرلەرنى ئىگىلەپ ئالماسلىقى لازىم دېگەن پرىنسىپنى قوپاللىق بىلەن بۇزۇش بولىدۇ» دېدى. داللېس بىلەن ئېيزىنخاۋېر بۇيەردىمۇ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە ئوخشاشلا رەسۋاسى چىققان باھانىلىرىنى ئىشلىتىپ كۆز بويامچىلىق قىلماقتا، ئوتتۇرا شەرقتە ئۇلار

لۇۋان خەلقىنىڭ شامۇن ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تە-
لەپ قىلغان ھەركىتىنى ئۆزلىرىچە تەجاۋۇزچىلىق دەپ بىلجى-
رىلدى، ئىراق خەلقىنىڭ خانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىنـ
قىلاۋىنىمۇ تەجاۋۇزچىلىق دەپ بىلجىرەۋەدى، ھازىر ئۇ
جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز زېمىنىنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت
ھەققانىي ھەركىتىنىمۇ «يېڭى يەرلەرنى بېسىپ ئېلىش»
دېمەكتە. پۈتۈن دۇنياغا مەلۇمكى، ئاقش ھوكۇمىتى ئۆتمۈشتە
ئۆزى قول قويغان بىر مۇنچە ھۆججەتلەردە: تەيۋەن، پىڭخۇ
ۋە جۇڭگونىڭ باشقا ئاراللىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ زېمى-
نى، ئاقش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىققا كاپا-
لەت بېرىدۇ، دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. 1950 - يىلى 1 - ئاي-
نىڭ 5 - كۈنى ئاقش پرېزىدېنتى ترۇممەن: «1943 - يىلى
12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىنغان قاھىرە خىتابنامىسىدە
ئاقش پرېزىدېنتى، ئەنگلىيە باش مىنىستىرى، جۇڭگو جۇشـ
سى، ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئېلان قىلىپ: ياپونىيە تەرىپى-
دىن تارتىۋېلىنغان جۇڭگو زېمىنلىرى مەسىلەن، تەيۋەن جۇڭ-
گوغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، دېگەن. ئاقش 1945 - يىلى 1 -
ئاينىڭ 26 - كۈنى پوتسدام ئاخباراتىغا قول قويغان دۆلەت.
پوتسدام ئاخباراتىدا: قاھىرە خىتابنامىسىنىڭ ماددىلىرى
ئىجرا قىلىنىشى لازىم، دېيىلگەن. ياپونىيە تەسلىم بولغان چاغ-
دىمۇ مۇشۇ خىتابنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى قوبۇل قىلغان... ئۆت-

كەن 4 يىلدىن بېرى ئاقش ۋە باشقا ئىتتىپاقداش مەملىكەت-
لەر جۇڭگونىڭ بۇ ئارالدا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى
ئىقرار قىلغان؛ ئاقش تەيۋەننى ياكى جۇڭگونىڭ باشقا زې-
مىنلىرىنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتىدە بولغىنى يوق...... ئاقش
شۇنىڭدەك بۇ يەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە قوراللىق قىسىملارنى
ئىشلىتىپ ئارىلىشىش نىيىتىدىمۇ ئەمەس، ئاقش ھۆكۈمىتى
ئاقشنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ماجىرالىرىغا تارتىپ ئېلىپ كىرىدىغان
ھەر قانداق يولدا مېڭىش نىيىتىدىمۇ ئەمەس» دەپ ئېلان
قىلغان ئىدى. يېتەر! ئاقش ھۆكۈمىتى تەيۋەن، جىنمېن ۋە مازۇ
ئاراللىرىنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى، بۇلار جۇڭ-
گونىڭ ھېچقانداق يېڭى زېمىنى ئەمەسلىكىنى تەنتەنىلىك
رەۋىشتە ئىقرار قىلمىغانمىكەن؟ جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ زې-
مىنلىرىنى ئازات قىلغاندا ئۇلارنى چەتئەللىكلەرنىڭ قولىدىن
ئازات قىلمايدۇ، بەلكى جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئۆزۈل - كې-
سىل مەغلۇپ قىلىنغان، ئاقشنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قېچىپ
كەتكەن جياڭ كەيشى باندىتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھۆكۈمرانى-
لىقىدىن ئازات قىلىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ تېخىچە بۇيەرلەرنى
ئۆز «ئىدارىسى» ئاستىغا ئالمىغانلىقى ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى-
نىڭ ئاقش ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىن-
غان باياناتلارغا شەرمەندىلەرچە مۇناپىقلىق قىلغانلىقىنىڭ كا-
ساپىتىدىن بولدى. ئەگەر ئاقش ھۆكۈمىتى قوراللىق مۇدا-

خىلە قىلمىغان بولسا، يالغۇز جىگمىن، مازۇ ئاراللىرىدىلا ئە-
مەس، بەلكى تەيۋەن ئارىلى، پىڭخۇ تاقىم ئاراللىرىمۇ ئاللى-
قاچان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا كې-
رىپ بولماسمىدى؟ داللېس بىلەن ئېيزىنخائۇئېرلارنىڭ
ئامېرىكىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق پىلانلىرى ئۈچۈن تاپقان دەلىللىرى
ھەقىقەتەن تولىمۇ كۈلكىلىك ۋە تولىمۇ تېتىقسىزلىقدۇر!

داللېس «ئاقش تەيۋەننىڭ قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا ياردەم بېرىشتە شەرتنامىلىق مەسئۇلىيەتكە ئىگە، كونگرېسنىڭ بىرلەشمە قارارى پرېزىدېنتقا جىگمېن ۋە مازۇغا ئوخشاش موناسىۋەتلىك سەپلەرنى مۇداپىئە قىلىش ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئاقشنىڭ قوراللىق قىسىملىرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى بەرگەن» دەيدۇ، بۇ قانداق شەرتنامىلىق مەسئۇلىيەت؟ ئۇ بولسىمۇ 1954 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاقش جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھى بىلەن تۈزگەن «بىرلىكتە مۇداپىئە كۆرۈش شەرتنامىسى» دەپ ئاتالغان نەرسىدىن ئىبارەت، بۇ «شەرتنامە» جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن نەپرەت بىلەن ئىرغىتىپ تاشلانغان ۋەتەن ساتقۇچ جياڭ كەيشى ئۆزىنى سېتىش ئۈچۈن يازغان بىرپارچە تىل خەتتىنلا ئىبارەت، بۇ «شەرتنامە» ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋالغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن جياڭ-

كەيىنى ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھىنىڭ ھېچقانداق بىر مەملىكەت بىلەن ھەر قانداق بىر شەرتنامە تۈزۈدىغان ھېچبىر ھوقۇقى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىش بىلەن جياڭ كەيشىنىڭ «بىرلىكتە مۇداپىئە كورۇش شەرتنامىسى» دەپ ئاتالغان نەرسىسى پۈتۈنلەي قانۇنغا مۇخالىپ، كۈچكە ئىگە ئەمەس. ئاقىش - نىڭ تەيۋەن ۋە پىڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋېلىشى ھەم بۇ بىۋاستە تەجاۋۇزچىلىقنى جىگمىن مازۇلارغىچە كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق، جۇڭگو زېمىنىنىڭ پۈتۈنلىگى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا تەجاۋۇز قىلغانلىقتىن ئىبارەت قانۇنسىز ھەركەتتۇر. بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىدا ھېچقانداق بىر مەملىكەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلىگى ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقىغا تەجاۋۇز قىلىنمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، ئاقىشنىڭ تەجاۋۇزچىلىق ھەركىتى بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىغا ۋە بارلىق خەلقارا قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە پۈتۈنلەي مۇخالىپ كېلىدۇ، ئاقىش كونگرېسى ماقۇللىغان قارارغا كەلسەك، كىم ئاقىش كونگرېسىغا بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىغا ۋە خەلقارا قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە مۇخالىپلىق قىلىپ، چەت مەملىكەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان مۇنداق قارارلارنى چىقىرىش ھوقۇقىنى بېرىپتۇ؟ پۈتۈن دۇنيا ئاقىش - نىڭ بىر شتاتىمىدى؟ پرېزدېنتقا ئاقىشنىڭ قوراللىق كۈچلىرى-

لدىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ جىگمىن، مازۇلارنى ئازات قىلىشىمىزغا توسالغۇلۇق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن مۇنداق قارار دەپ ئاتالغان نەرسىنىڭ ئەگەر قانداقتۇ بىر ئەھمىيىتى بار دېيىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئاقش نىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق مۇداخىلە قىلغانلىغى ۋە ئۇرۇش تەھدىدى سالغانلىغىدىن ئىبارەت جىنايىي ھەركىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاش ئەھمىيىتىگىلا ئىگە. ھېچقانداق بىر مەملىكەت خەلقىمۇ ئاقش كونگرېسى قارار چىقىرىپتۇ دەپ ئۆز زېمىنىنى ئاقش-نىڭ بېسىۋېلىشىغا ھەرگىز ئىقرار قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقش بىلەن جياڭ كەيشى گورۇھى تۈزگەن ھەر قانداق «شەرتنامە» دەپ ئاتالغان نەرسىلەر ۋە ئاقش كونگرېسى تەرەپىدىن ماقۇللانغان بۇ ھەقتىكى ھەر قانداق قارارلار جۇڭگو خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە خەلقارا قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئالدىدا، ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەت ئالدىدا پۈتۈنلەي قانۇنغا مۇخالىپتۇر، كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر.

تەيۋەن بوغۇزى رايونىدىكى ھازىرقى كەسكىن ۋەزىيەتنىڭ مەنبەسى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ۋە ئۇرۇش سىياسىتىدۇر. جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ چوڭ قورۇغلۇغىنى ئازات قىلغاندىن كېيىن، جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھى ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولغان ئاقش نىڭ قول-

لاپ ـ قوۋۋەتلىشى ۋە قوتۇرتىشى ئاستىدا چوڭ قوروغلۇغىمىزنى،
ئېغىر چىل رەۋىشتە پاراكەندە قىلىپ كەلدى، بۇنى ھېچ توختاتقىنى
يوق. جياڭكەيشى باندىتلىرى جىگمن ۋە مازۇنى بېسىپ يېتىپ،
شامىن ۋە فوجۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالماقتا،
بۇ ئىككى پورتنىڭ چەت بىلەن بولىدىغان دېڭىز ترانسپورتى
يوللىرىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىماقتا. ئاقشىنىڭ تەيۋەن بوغۇزى
رايونىدا ناھايىتى زور ئۇرۇش كېمىلىرى ئەتىدى ۋە ئايروپ-
لانلارنى توپلاپ ئۇرۇش تەھدىدى سالغانلىقى نەتىجىسىدە، بۇ
رايوندا ئۈزلۈكسىز كەسكىن ۋەزىيەت داۋام قىلىپ كەلمەك-
تە. ئاقشىڭ ئوتتۇرا شەرقتە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغان-
دىن كېيىن، جياڭكەيشى گورۇھى ئاقشىنىڭ قوللاپ-
قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا جىگمن ۋە مازۇغا ئوخشاش دېڭىز بويىدىكى
ئاراللاردىن ئۆزىنىڭ پاراكەندىچىلىك ھەركەتلىرىنى كۈچەيت-
تى، شۇنىڭدەك «پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوڭ قورۇغلۇققا قايتارما
ھۇجۇم قىلىش ھازىرلىقىنى تېزلەشتۈرۈمىز» دەپ ۋايىسىماقتا.
جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئەرمىيەسى جىگمندىكى باندىت
جياڭكەيشى ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق ئەدىۋىنى بېرىشتىن بىر
ئايدىن كوپرەك ۋاخت ئىلگىرى جياڭ كەيشى گورۇھى
ئەفيتسەر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ دەم ئېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،
پائال رەۋىشتە ئۇرۇشقا تەييارلاندى. جياڭ كەيشى گورۇھى-
نىڭ ئايروپلانلىرى چوڭ قورۇغلۇققا قىلىۋاتقان پاراكەندىچە-

لىگىنى كۈچەيتتى، ئۇنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا قىلىۋاتقان ھەركەتلىرىنى جىددىيلەشتۈردى. مانا شۇ سەۋەبلىك جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى دېڭىز بويىدىكى ئاراللارنى بىسىپ ياتقان جياڭ كەيشى ھەربىي قىسىملىرىغا ئېغىر زەربە بەردى. بۇ پۈتۈنلەي جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى دائىرىسىگە كىرىدىغان بىر ئىش. ئەمما ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى ئوتتۇرا شەرقتە قىلغان تەجاۋۇزچىلىق ھەركىتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېيىپلىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ نەزىرىنى باشقا ياققا بۇراپ، لىۋاندىن ئەسكىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى كەينىگە سوزۇش ئۈچۈن تەيۋەن بوغۇزى رايونىغا قوراللىق كۈچلىرىنى كۆپلەپ توپلاپ، جۇڭگو خەلقىگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى ۋە ئۇرۇش تەھدىتى سالدى، شۇنىڭدەك تەيۋەن رايونىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان تەجاۋۇزچىلىقىنىڭ دائىرىسىنى جىنمىن، مازۇغا ئوخشاش دېڭىز بويى ئاراللىرىمىزغا كېڭەيتمەكچى بولدى. ئاقىۋىتىنىڭ بۇنداق ھەركىتى جۇڭگونىڭ 600 مىليون خەلقىگە قىلىنغان ئېغىر ئىغۋاگەرچىلىكتۇر. شۇنىڭدەك دۇنيا تىنچلىقىغا سېلىنغان ئېغىر تەھدىتتۇر.

ئەمما ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى شۇنى ئېسىدە تۇتۇشى لازىمكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز زېمىنى تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى ئازات قىلىش ئىرادىسى ھېچ تەۋرەنمەيدۇ. ئاقىۋ-

نىڭ ھەر قانداق ئۇرۇش ئېغۋاگەرچىلىكى جۇڭگو خەلقىنى قورقۇتالمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ 600 مىلليون خەلقنىڭ يەنىمۇ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. 1946 ـ ژىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئومۇمىي يۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ئۇرۇشنى جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا زورلاپ تاڭغان چاغدا، جۇڭگو خەلقى ھېچبىر قورقۇپ قالمىغان ئىدى، بەلكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە غەيرەت بىلەن قوزغىلىپ ئۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن ئامېرىكىچە قوراللار بىلەن قوراللانغان جياڭ كەيشى باندىتلىرىنىڭ 4 مىلليون كىشىلىك مۇنتىزىم ئەسكىرىنى يوقۇتۇپ، جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھىنى ئۇنىڭ خوجايىنى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن بىرلىكتە بىراقلا دېڭىز ئارقىسىغا قوغلىۋەتكەن ئىدى. 1950 ـ ژىلى كۈز ۋاختىدا ئاقش بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ زور كۆك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، 16 مەملىكەتنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قارىماي چاۋشەندە 38-پاراللېلدىن ئۆتۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىسىغا قاراپ بېسىپ كېلىشى، نۇرغۇنلىغان ئايروپىلانلارنى ئېۋەتىپ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي ـ شىمال ھاۋا تەۋەسىگە تەجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بومبىغا ۋە ئوققا تۇتۇشى ھەم يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ قىرغىغا يېتىپ كېلىشى ـــ مانا مۇشۇ فاكتلار دالىلىنىڭ بايانىدا ئېيتىلغانىنىڭ

ئەكسىچە، ھەرگىز جۇڭگونىڭ چاۋشەندە قۇراللىق كۈچ بىلەن «زېمىنگە بولغان قارانىيستى»نى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئەمەس، بەلكى نەق ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆزى قۇراللىق كۈچ بىلەن يالغۇز چاۋشەندىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگودىمۇ ئۆزىنىڭ «زېمىنگە بولغان قارانىيستى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىدۇر. ماناشۇنداق بىر چاغدا، يەنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئۇرۇشنى زورمۇ-زور بىزنىڭ بېشىمىزغا تاڭغاندا، خەلقىمىز جۇڭگو خەلق پىدائىي قوشۇنىنى ئېۋەتىپ، چاۋشەن خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاۋال چاۋشەننى بېسىۋېلىش، ئاندىن كېيىن جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت غالجىرانە پىلانىنى تارمار كەلتۈرگەن ئىدى. ئەجابا دالليسقا ئوخشاش نەسلەر جۇڭگو خەلقىنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىغا بەرگەن ساۋاقلىرىنى تېخى يېتەرلىك ئەمەس دەپ بىلىۋاتامدۇ؟ جۇڭگو خەلقى تېنچلىقنى سۆيىدۇ، ئەگەر ئۇنۇتقاق ئامېرىكا جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا چوقۇم ئارىلاشماقچى ۋە جۇڭگو خەلقى بىلەن چوقۇم كۈچ سىنىشىپ باقماقچى بولسا، جۇڭگو خەلقى زىيارەتكە زىيارەت بىلەن جاۋاپ بېرىشنى بىلمەيدۇ ئەمەس، خەلقىمىز چوقۇم غەيرەت بىلەن قوزغىلىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ تەجاۋۇزچىلارنى قەتئىي، ئۈزۈل-كېسىل، پۈتۈنلەي، پاك-پاكىزە يوقۇتۇپ تاشلايدۇ.

ئاقىش مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن رايونىدا كەسكىن ۋەزى-

نيەت پەيدا قىلىپ شەرقتە ئۇرۇش بولۇتلىرىنى مەيدانغا كەل-
تۈردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئامېرىكا
جاھانگىرلىگىنىڭ قەبىھ ئەپتى - بەشىرىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆر-
سەتتى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشى ھەرقايسى مەملى-
كەت خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللاپ - قۇۋۋەتلەشلىرىگە ئىگە
بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى «پراۋدا» گېزىتىنىڭ ئەنزارچىسى
مۇنداق دەپ كورسۇتۇدۇ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن
قېرىنداشلارچە دوستلۇق ۋە ئوز - ئارا ياردەم مۇناسىۋىتىدە
بولغان سوۋېت خەلقى ئوزىنىڭ قېرىندىشى بولغان جۇڭگو خەل-
قىغە بارلىق ئۇسۇللار بىلەن ياردەم قىلىپ، يۈزى قېلىن،
نامۇسسىز، ئويلىماي ھەركەت قىلىدىغان تەۋەككۇلچىلەر - ئۇرۇش
ئىغۋاگەرچىلىرىنى چەكلىيەلەيدۇ».

ۋيېتنام، چاۋشەن، مونغۇلىيە، چېخوسلاۋاكىيە، ئالبانىيە،
بۇلغارىيە، پولشا، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە
گېزىتلىرىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئەنزار ئېلان قىلىپ
ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەيۋەننى بېسىۋالغانلىغىنى ۋە خەلق
جۇڭگوسىغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانلىغىنى قاتتىق ئېيىپلىدى،
جۇڭگو خەلقىنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنى
قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى.

بىرلەشكەن ئەرەپ رېسپوبلىكىسىنىڭ پرېزدېنتى جامال ئاب-
دۇل ناسىر: «جۇڭگو خەلقى ئوز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان

ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن زېمىننى ساقلاپ قالغان بىر چاغدا، جاھان-گىرلارنىڭ ھەربىي مۇداخىلىسى يۈز بەردى. ھەقىقىي مۇداخىلە تەيۋەننىڭ بېسىپ ئېلىنغانلىقىدۇر» دېدى.

قاھىرەنىڭ «كەچكى گېزىتى»: «جۇڭگونى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلىك بىزنىڭ ئۆز دۈشمىنىمىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلىك بولىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ تىنچلىق كۈچلىرىنىڭ ئۆرۈش كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىنى، خەلق كۈچلىرىنىڭ جاھانگىر-لىك كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەت-لىگەنلىك بولىدۇ» دەپ يازدى. ھىندىستان - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سىندىلارمۇ: «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى خەۋپىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرغانلىقىنىڭ بىشارىتىنى چۈشەنسۇن، ئۇ ھىندىستان، بارلىق ئەرەپ مەملىكەتلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر، ھەققەت ۋە ئادالەتنىڭ ھەم-مىسى جۇڭگو تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلسۇن» دېدى.

ئۇزۇن ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەردە چېنىققان جۇڭگو خەلقى قورقۇپ قالمايدۇ ۋە ئالدانمايدۇ. جۇڭگو خەلقى بارلىق مۇ-ۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللۇنۇپ، مۇۋاپىق بىر ۋاختىتا ئۆز زېمىنىنى ئازات قىلىشقا پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق، بۇنىڭغا ھېچ-قانداق چەت مەملىكەتنىڭ مۇداخىلە قىلىشىغا رۇخسەت يوق. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تەيۋەن بوغۇزىدا ئەسكەر توپلاپ، جۇڭگو خەلقىغە نىسبەتەن ئېغىر ئۆرۈش ئېغۋاگەرچىلىكى قىل-

ۋاتقان بىرۋاختىتا جۇڭگو خەلقى دەرھال سەپەرۋەرلىككە كېـ
لىپ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىغـۋاگەرچىلىـ
كىنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرۈشۈشى لازىم!
سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك لاگېر، ئاسـ
يا ـ ئافرىكـا رايونلىرىـدىكى تىنچلىقـنى ھىمايە قىلىۋاتقان ۋە
تەجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇۋاتقان دولەتلەر ۋە كەڭ خەلـقلەر
ھەم پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تەجاۋۇزچىلىقـقا قارشى تىنچلىق
پەرۋەر خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىز بىلەن بىللە. ئامېرىكا جاھانـ
گىرلىكىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى جۇڭگو خەلـقىنىڭ ۋە پۈتۈن
دۇنيا خەلقىنىڭ بىرلىكتە بەرگەن زەربىسى ئاسـتىدا يەنە بىر
نوۋەت ئۆزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولسۇن!

(1958 ـ ژىل 9 ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئېلېكترونلۇق كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ئامېرىكا جاھانگىرلىگى تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا كەسكىن ۋەزئىيەت تۇغدۇرماقتا

## خۇرسرۇك

ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ئوتتۇرا شەرقتە قىلغان تەجاۋۇزچىلىق سۇيىقەستى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە چىشلىرىنى ھىڭگايى-تىپ تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا كەسكىن ۋەزئىيەت پەيدا قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش كېمىلىرى ۋە ئايروپلانلارنى يوت-كەپ تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا ھەركەت قىلدۇۋاتقان 7 - ئۇرۇش كېمىلىرى ئەتردىنى كۈچەيتمەكتە، ئاقش تەيۋەن بوغۇزى را-يونىغا قىلدۇۋاتقان تەجاۋۇزچىلىغىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغانلى-غىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق پەش قىلىپ، جۇڭگو خەلقىغە نىسبەتەن ھەربىي ئىېغۋاگەرچىلىك قىلماقتا ۋە ئۇرۇش تەھدىدى سالماق-تا. ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ بۇ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگى تەسادىپى ئەمەس. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا جاھانگىرلىگى گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ، دۇنيادىكى بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى

ئوز ئەتراپىغا توپلاپ، ھەممىلا جايدا ھەربىي بازىلار قۇردى، ھەممىلا جايىغا تەجاۋۇز قىلدى، باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قاباھەتلىك دۈشمىنىگە ئايلاندى.

ئاقش نىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئەزەلدىن تارتىپلا جۇڭگو خەلقىغە دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ كەلمەكتە. ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلدى ۋە ئۇنى بۇلاپ - تالىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ كەيشى گورۇھى ئېلىپ بېرىۋاتقان خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشقا ھەربىي ۋە ئىختىسادىي ياردەم قىلىپ كەلدى. جۇڭگونىڭ خەلق ئىنقىلاۋى غالىبىيەت قازانغان ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقش ھۆكۈمىتى دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتتى ۋە دۈشمەنلىك سىياسىتىنى قوللاندى. 1950 - يىلى 6 - ئايدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشەنگە تەجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى تەيۋەننى بېسىۋېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جاسۇسلارنى ئېۋەتىپ مەملىكىتىمىزدە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەت-

لىرنى ئېلىپ باردى، يەنە مەملىكىتىمىزگە قارىتا قامال ۋە جىگىيۇك (ئېمبارگو) قىلىش سىياسىتىنى ژۇر كۈردى، شۇنىڭدەك خەلقارا ئىشلاردا كۈچىنىڭ بىرىچە مەملىكىتىمىزنى چەتكە قاقتى، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنغا مۇۋاپىق ئورنىنى ئۈچىغا چىققان يولسىزلىق بىلەن تارتىۋالدى. يېقىنقى ژىللاردىن بېرى ئامېرىكا جاھانگىرلىگى يەنە «ئىككى جۇڭگو» سۇيىقەستىگە كىرىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ زىمىنى بولغان تەيۋەننى مەڭگۈگە زورلۇق بىلەن بېسىپ ئېلىشقا ئۇرۇناقتا.

ئامېرىكا جاھانگىرلىگى نىمىشكە مەملىكىتىمىزنىڭ زىمىنى تەيۋەننى مەڭگۈگە بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنۇدۇ؟ بىز پەقەت گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ سوزلىرىگە بىرقاراپ باقساقلا بۇ مەسىلىگە ئاسان جاۋاپ تاپالايمىز. 1950 - ژىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ماكارتۇرا ئۆزىنىڭ ئاق ش نىڭ چەت مەملىكەتلەردە ئۇرۇشۇۋاتقان ئەسكەرلىرى جەمئىيىتىنىڭ ژىغىنىدا سوزلىگەن سوزىدە ئىقرار قىلىشىچە، ئاق ش تەيۋەننى ئاق ش نىڭ ئۇلۇق ئوكيان ئالدىنقى سېپىدىكى «باش كىندىگى»، «چوكمەيدىغان ئاگكوگموجەنى» دەپ تونارمىش. ئاق ش ئۆزىنىڭ «ھەربى ھاۋا ئەسكەرلىرى ياردىمى بىلەن ۋىلادىۋوستوكتىن تارتىپ تا سىنگاپورغا قەدەر بولغان ئاسىيانىڭ ھەر بىر دېڭىز پورتىنى ئۆز نازارىتى ئاستىدا تۇتۇش» ئۈچۈن تەيۋەننى ئۆز قول ئاستىدا تۇتۇشى

كېرەكمەسمش، 1953 ـ ژىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاقش نىڭ «تەيۋەندە تۇرۇشلۇق ھەربىي ياردەم مەسلىھەتچىلىرى ئومىگىنىڭ باشلىقى»دەپ ئاتالغان ژىس: «تەيۋەن ناھايىتى زور ستراتېگىيە ئەھمىيىتىگە ئىگە» ، «گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاقش مۇداپىئە-سىنىڭ بىر قىسىم مۇلكى »دېگەن. 1953 ـ ژىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 كۈنى ئاقش كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سمىلدى: «چاۋ-شەن، تەيۋەن ۋە ھىندىچىنى ئاقش نىڭ............ ناھايىتى مۇھىم 3 ئايانىچ پۇنكتى» دېگەن. 1953 ـ ژىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاقش ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى جۇيىد جياڭكەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھىنىڭ «غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش» كېرەك، ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى «ئىچىدىن ئاغدۇرۇ-شىغا» ياردەم بېرىش كېرەك دېگەن. مانا مۇشۇلاردىن كۆر-گىلى بولىدۇكى، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى تەيۋەننى بېسىۋېلىشتىن مەخسىدى يالغۇز مەملىكىتى-مىز زېمىنىنىڭ ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلىگىنى قوراللىق كۈچ بىلەن بۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەننى ئازات قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقى بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭدەك تەيۋەننى ئوزىنىڭ مەملىكىتىمىزگە قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ۋە ئاسىياغا تەجاۋۇز قىلىشتا تايىنىدىغان ھەربىي بازىسىغا ئايلان-دۇرۇشدۇر. روشەنكى، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ مەملىكىتى-مىزنىڭ زېمىنى تەيۋەننى بېسىۋېلىشى يالغۇز مەملىكىتىمىزنىڭ

ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىنىمىزنىڭ پۈتۈنلىكىگە قىلىنغان ئەڭ قوپال تەجاۋۇزلا بولۇپ قالماي ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاسىيا ۋە دۇنيا تىنچلىقىغا سېلىنغان ئېغىر تەھدىتتۇر.

1950 ـ يىلى ـ 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يولداش ئۇششۇچۈەن بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك زور يىغىنىنىڭ بىخەتەرلىك كېڭىشى مەجلىسىدە ئاقش نىڭ تەيۋەنگە قوراللىق تەجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ سوزلىگەن نۇتقىدا: «ئاقش ھوكۇمىتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى تەيـ ۋەنگە قوراللىق تەجاۋۇز قىلغانلىقى ئوز ئالدىغا يالغۇز بىر ئىش ئەمەس، بۇ ئاقش ھوكۇمىتىنىڭ چاۋشەن، ۋېيتنام، فىلىپپىن، ياپونىيىگە ئوخشاش ئاسىيا مەملىكەتلىرى ۋە خەلقلىرىگە قىلىـ ۋاتقان تەجاۋۇزى، ھوكۇمرانلىقى ۋە قولۇقا چۇشۇرۇش ھەر- كىتىنى كۈچەيتىش يولىدىكى ئۇمۇمىي پلانىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرىغا قىلىـ ۋاتقان مۇداخىلىسىنىڭ يەنە بىر قەدەم رىۋاجلانغانلىقى» دەپ كورسەتكەن ئىدى. فاكتلار بۇ باھانىڭ تامامەن توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى گۇرۇھى جۇڭگوغا تەيۋەن، چاۋـ شەن، ھىندىچىنىدىن ئىبارەت 3 سەپتىن قوراللىق مۇداخىلە قىلىش ۋە ئۇرۇش تەھدىدى سېلىشقا داۋاملىق ئۇرۇنۇپ كەلـ گەن ئىدى. جۇڭگو، چاۋشەن، ۋېيتنام ۋە بارلىق تىنچلىقپەر-

ۋەر دولەت ۋە خەلقلەرنىڭ ھارمانى ـ تالماي قىلغان كۆرەشلىرى نىتىجىسىدىلا چاۋشەن ئۇرۇشى توختىدى ۋە ھىندىچىندىكى تىنچلىقنى تىكلەش ئىشى ئەمەلگە ئاشتى. ھېچ شەك ـ شۈبھە يوقكى، چاۋشەندە ئۇرۇشنىڭ توختۇتۇلۇشى بىلەن ھىندىچىندا ئۇرۇشنىڭ توختۇتۇلۇشى ۋە تىنچلىقنىڭ تىكلىنىشى پۈتۈنلەي تىنچلىق كۈچلىرىنىڭ غەلىبىسىدۇر، ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدۇر، بۇ ھال خەلقارا كەسكىن ۋەزئىيەتنىڭ پەيدىن ـ پەي يومشۇشىغا سەۋەپ بولدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يېڭى كەسكىن ۋەزئىيەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن، 1954 ـ يىلى جەنۋە كېڭەشمىسىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا 8 دولەتنى ئۆز يېنىغا تارتىپ مانىلادا «شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا كوللېكتىۋ مۇداپىئە شەرتنامىسى»نى تۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەيۋەندىكە قېچىپ كەتكەن جياڭكەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھىغا بېرىۋاتقان مەدەت ۋە ياردىمىنى كۈچەيتىپ، مەملىكىتىمىزگە قىلىۋاتقان قوراللىق مۇداخىلىسىنى كېڭەيتمەكچى بولدى.

جياڭكەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كورسەتمىسى ۋە ياردىمى ئاستىدا تەيۋەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ناھايىتى دەھشەتلىك ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىپ، ئەكسىيەتچى ھەربىي كۈچلىرىنى رەتكە سېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قورۇغلۇقىغا قارشى ئۇزلۇكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىش

ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى، «چوڭ قورۇغلۇقعا قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈمىز»دەپ دائىم ۋايساپ كەلدى، شۇنىڭدەك دۇنيا ئۇرۇ‑شىنى قوزغاش غەرىزىدە بولدى. شۇنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەسكى، جياڭكەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھى يالغۇز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاسىيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭمۇ ئورتاق دۈشمىنىدۇر.

ئاقش نىڭ 7 ‑ ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىدى تەيۋەن بوغۇزى‑نى ئىشغال قىلىپ تۇرماقتا. ئاقش ھوكۇمىتى ئاقش نىڭ 7 ‑ ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىتىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو خەلقىنىڭ تەيۋەننى ئازات قىلىشقا توسالغۇ بولۇدىغانلىقىنى داۋاملىق پەش قىلىپ كەلمەكتە. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جياڭكەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھى بىلەن «بىرلىكتە بىخەتەرلىكنى ساقلاشنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك شەرتنامىسى» دېگەن نەرسىنى تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى گورۇھى ياپونىيە ئەكسىيەتچى كۈچلىرى، جەنۇبىي چاۋشەندىكى لىسىنمان گو‑رۇھى ۋە جياڭكەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھىنى بىرلەشتۈرۈپ «شەرقىي ‑ شىمالىي ئاسىيا مۇداپىئە ئىتتىپاقى» دېگەن نەرسىنى تەشكىللەشكە ۋە بۇ ئىتتىپاقنى «شەرقىي ‑ جەنۇبىي ئاسىيا مۇ‑داپىئە گورۇھى» بىلەن باغلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئاقش تەجاۋۇزچىلىرى گورۇھىنىڭ مانا بۇ بىر قاتار سۇيقەستلىك



www.uyghurkitap.com

ھەرکەتلىرى يالغۇز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگىلا قارىتىلغان بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاسىيا خەلقى ۋە دۇنيا تىنچلىقىغا قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىكتۇر.

تەيۋەن قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، 1895 ـ يىلى تەيۋەننى ياپون جاھانگىرلىكى بېسىۋالغان. ئەمما ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئېلان قىلىنغان «قاھىرە خىتاپنامىسى»دا تەيۋەننى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش بەلگىلەنگەن، ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ فاكتنى ئاق ئۆي ھۆكۈمىتىمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. ئاق ئۆينىڭ شۇ چاغدىكى دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئېچېسۇن تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئاق تاشلىق كىتاپتا (1949 ـ يىلى 8 ـ ئاي) مۇنداق دېيىلگەن: 1943 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «قاھىرە خىتاپنامىسى»غا ئاساسەن تەيۋەن جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلىشى لازىم. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاق ئۆي پرېزىدېنتى ترومىنمۇ: «...... ئۆتكەن 4 يىلدىن بېرى ئاق ئۆي ۋە باشقا ئىتتىپاقداش مەملىكەتلەر جۇڭگونىڭ تەيۋەندە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ژۇرگۈزۈشىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلدى، ئاق ئۆي تەيۋەننى ياكى جۇڭگونىڭ باشقا زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتىدە بولغىنى يوق. ھازىر ئاق ئۆي تەيۋەندە ئالاھىدە ھوقۇققا ياكى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش ياكى ھەربىي بازا قۇرۇش نىيىتىدە ئەمەس. ئاق ئۆي شۇنىڭدەك بۇ يەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە

قۇراللىق قىسىملارنى ئىشلىتىپ ئارىلىشىش نىيىتىدىمۇ ئەمەس، ئاقش ھوكۇمىتى ئاقش نى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئالاش - تارتىشلىرىغا تارتىپ ئېلىپ كىرىدىغان ھەر قانداق يولدا مېڭىش نىيىتىدىمۇ ئەمەس» دەپ ئېلان قىلغان. خۇددى شۇكۇنى گېچىسۇن تروممېننىڭ باياناتىنى ئىزاھلاپ: «جۇڭگولۇقلار تەيۋەننىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقىنىغا 4 ژىل بولدى، ئاقش ۋە باشقا ھەرقانداق ئىتتىپاقداش مەملىكەت بۇ ھوقۇق ۋە ئىگىلىۋېلىش توغرىسىدا ھېچقانداق گۇمانىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىدى. تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىنغان چاغدىمۇ ھېچقانداق بىر ئادەم بۇ ھەقتە قانۇنى جەھەتتە بۇ ئىشقا كاشىلا بولۇدىغان شۇبھىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. بۇ ئىش ھەر خىل شەرتنامىلارغا مۇۋاپىق دەپ تېپىلدى» دېگەن ئىدى. ئاقش ھوكۇمىتىنىڭ باياناتلىرىدىن تەيۋەننىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىگىنى، شۇنىڭدەك بۇ يەر جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلانغانلىغىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن.

جۇئېنلەي زۇڭلى مۇنداق دەپ كورسۇتۇدۇ: «جۇڭگو ۋە ئاقشنىڭ تەيۋەن بوغۇزى رايونىدىكى خەلقارا تالاش - تارتىشلىرى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوز زېمىنىنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئىچكى مەسىلىسى خاراكتېرى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىشدۇر». (1958 - ژىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇزۇڭلىنىڭ تەيۋەن بوغۇزى رايونىنىڭ ۋەز-



www.uyghurkitap.com

ئىيىتى ھەقىقىدىكى باياناتى). بىز خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇشىغا يول قويمايمىز. ئەلۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ تېچلىقىنى قوغداپ - لەيدىغان تاشقى سىياسىتىگە ئاساسەن بىز بارلىق خەلقارا تالاش - تارتىشلارنى تېچ سوھبەت ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشنى ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىپ كەلدۇق. «ئاقش جۇڭگونىڭ زېمىنى تەيۋەننى ۋە پېڭخۇ تاقىم ئارالىلىرىنى قوراللىق كۈچ بىلەن بېسىپ ئېلىپ، خەلقارا مۇناسىۋەتلەردىكى ئەڭ تۈۋەن نىزامنىمۇ قوپاللىق بىلەن بۇزغانلىقتا قارىماي جۇڭگو ھوكۇمىتى يەنە ئاقش ھوكۇمىتى بىلەن باش قوشۇپ سوھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، تەيۋەن رايونىدىكى كەسكىن ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ۋە تۈگۈتۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى» (شۇ باياناتتىن).

1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - ئامېرىكا ئەلچى دەرىجىلىك ۋەكىللەر سوھبىتىدە شۇ نەرسە تولۇق ئىسپاتلاندىكى، جۇڭگو تەرەپ كېلىشىملەرگە رىئايە قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئادىل بولدى؛ ئاقش بولسا تامامەن يولسىزلىق قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە ئىشنى كەينىگە تارتىپ، ۋەدىلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ كېلىشىملەرنى بۇزدى، نەتىجىدە سوھبەتنىڭ ئۈزۈلۈشى ئاقش تەرىپىدىن توختىتۇپ قويۇلدى. جەنۋە سوھبىتى ۋاقىت-

تىدا خۇددى جۇزۇگلى كورسۇتۇپ ئۇتكەندەك: «جۇڭگو تەرەپ
هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە زىمىنىنىڭ پۈتۈن-
لىگىگە هورمەت قىلىش ۋە بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا
ئارىلاشماسلىق ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو بىلەن
ئاق ش دولەتلىرىنىڭ تەيۋەن رايونىدىكى تالاش-تارتىشلىرىنى
تەھدىت ۋە قۇرال كۈچى ئىشلەتمەستىن تىنچ سوھبەت ئارقىلىق
ھەل قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم تەكلىپ بەرگەن ئىدى».
ئاق ش مۇنداق بايانات ئېلان قىلىشنى رەت قىلىش بىلەنلا
قالماي، بەلكى جۇڭگو-ئاق ش دولەتلىرى تەيۋەن مەسىلىسىنى
قۇرال كۈچى بىلەن ھەل قىلماسلىق «مەجبۇرىيىتى» نى ئۆز
ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاق ش نىڭ
تەيۋەندىن ئۆزىنىڭ بارلىق قۇراللىق كۈچلىرىنى ئېلىپ چىقىشى
ھەققىدە كاپالەت بېرىشكە ئۇنىمىدى، بۇ بىزنىڭ ئاق ش نىڭ
تەيۋەندىكى ئورنىنى قانۇنىي ئورۇن دەپ ئىقرار قىلىشىمىزنى
تەلەپ قىلغانلىقى بىلەن ئوخشاش گەپ. بىز بۇنىڭغا ھەرگىز
رازى بولمايمىز، ئەلۋەتتە.
بۇ يەردە يەنە ئىككى ئىشنى ئاجرىتىۋېلىشقا توغرى كېلىدۇ:
بىز خەلقارا ۋەزىيەتتىكى كەسكىنلىكنى يومشۇتۇشنى خالايمىز،
بۇ بىر ئىش؛ ئەمما بىز ئاق ش نىڭ تەھدىتىنى قوبۇل قىلمايمىز،
ئاق ش نىڭ تەيۋەننى بېسىۋېلىشىنى ۋە تەيۋەننى ھىمايە قىلىشنى
ئىقرار قىلمايمىز، بۇ يەنە بىر ئىش. ئەگەر ئاق ش تەيۋەننى

بېسىۋېلىش بىلەن بىرگە تەھدىت سالىدىغان بولسا، جۇڭگو خەلقى ھەرگىز قورقۇپ قالمايدۇ! ئاق ش تەجاۋۇزچىلىرى ئۆزلىرىدىنىڭ تەجاۋۇزى ۋە ئېغۋاگەرچىلىكى كاساپىتى بىلەن يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئاقىۋەتلەرگە جاۋاپكار بولۇشى لازىم.

ماۋجۇشى ئاللىقاچان كۆرسۈتۈپ ئۆتكەن، جاھانگىرلار ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مەنتىقى ئەزەلدىن تار- تىپلا: توپىلاڭچىلىق قىلىش—مەغلۇپ بولۇش، يەنە توپىلاڭچىلىق قىلىش، يەنە مەغلۇپ بولۇش، ئەڭ ئاخىردا ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە ۋە جۇڭ- خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قوللانغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى ۋە دۈشمەنلىك سىياسىتى ئۈستى- ئۈستىگە پەشۋا يېدى ۋە مەغلۇپ بولدى، بۇ ھەرگىز تەساددىپىي ھادىسە ئەمەس، بۇ خەلقىمىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلى- كىدە قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭ- دەك ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئەلۋەتتە، ئاق ش تەجاۋۇزچىلىرى گۈرۈھى ئۆز مەغ- لۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ. يېقىندا ئاق ش تەجاۋۇزچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى بولغان تەيۋەن رايونىغا داۋاملىق رەۋىشتە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ جىگىن، مازۇ- لارنى ئازات قىلىش يولىدىكى توغرى ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئاق ش نىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى

دالـلپس تەجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدا پۈتۈنلەي يولسىز بايانات ئېلان قىلدى، شۇڭدەك مەملىكىتىمىزگە قىلىۋاتقان تەجاۋۇزچىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ چېگـ ـمن، مازۇغا ئوخشاش ئىچكى دېڭىز ئاراللىرىنى ئاقش نىڭ بىۋاستە ھەربىي نازارىتى ئاستىدا تۇتۇدىغانلىغىنى ئوچۇق- تىن-ئوچۇق ئېلان قىلدى. ئاقش ئۇرۇش خۇمارلىرى ھەتتا ئاتوم قۇراللىرىنى ئىشلىتىشتىنمۇ تارتىنماستىن تەجاۋۇزنى كېڭەيتىمىز ۋە ئۇرۇش تەھدىدى ژۇرگۈزۈمىز دەپ بىلجىراپ، جۇڭگو خەلقىغە تەھدىد سالدى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، بىزنىڭ تەيۋەننى ئازات قىلىشىمىزغا، جىنمېن، مازۇلارنى ئازات قىلىشىمىزغا مۇداخىلە قىلدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئاقش ئۆز مەملىكىتىدىن ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىن نورغۇنلىغان ئۇرۇش كېمىلىرى ۋە ئايروپلانلارنى يوتكەپ، تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا ھەركەت قىلىۋاتقان 7- ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىتىنى كۈچەيتكەن. ھازىرقى كۈنگە كەلگىچە، 7- ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىدى قارىمىغىدىكى كېمىلەر 7 خاككۇكمۇجەن، 3 چارلىغۇچى پاراخود ۋە 40 قوغلىغۇچى پاراخودقا يەتكەن. ئاقش نىڭ 46- جىسمەكچى ھەربىي ھاۋا ئەترىدى، دېڭىز ئەرمىيىسىنىڭ قۇرۇغلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى بىرىنچى ھاۋا ئەترىدى ۋە باشقا بىرنەچچە تۈركۈم ئايروپلانلىرى تەيۋەن ۋە فىلىپپىنگە كەلتۈرۈلگەن. ئاقش



www.uyghurkitap.com

دېگىز ئەرمىيىسىنىڭ قۇرۇغلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئەسكەرلىرى-
دىن 3800 كىشىلىك بىرىنچى تۈركۈمى تەيۋەننىڭ جەنۇپ
تەرىپىدە قۇرۇغلۇققا چىققان، باشقا ھەربىي قىسىملىرىمۇ دا-
ۋاملىق يېتىپ كەلمەكتە. تەيۋەنگە تەجاۋۇزقىلغان ئاقش
ئەسكەرلىرىنىڭ سىلكىبۇسى يەنە مانىۋېر قىلىش دېگەن باھانە
بىلەن توپچى پاراخودلار ۋە توپ ئوتى ۋاستىسى بىلەن مەم-
لىكىتىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئارالدىرىنى ۋە جىگەن ئارال-
لىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدىغانلىقلىرىنى ئوچۇقتىن- ئوچۇق ئېلان
قىلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ مۇنداق تەجاۋۇزچىلىق
جىنايىي ھەركەتلىرى جۇڭگو خەلقىغە قىلىنغان غالجىرانە
ئىغۋاگەرچىلىكدۇر، شۇنىڭدەك ئىراق شەرق ۋە دۇنيا تىنچ-
لىقىغا ئېغىر تەھدىد سېلىشدۇر.

ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەيۋەن بوغۇزى زايونىدىكى
ئىغۋاگەرچىلىگى ئوز ئالدىغا يالغۇز بىر ئىش ئەمەس. ئۇ
دۇنيا خەلقىنىڭ ئېيىپلاشلىرىغا قارىماي ئوچۇقتىن- ئوچۇق
ئەسكەر ئېۋەتىپ لىۋانغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، جىياڭ
كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھىنىڭ ئوزلىرى ئىگىلەپ ياتقان
جىگەن، مازۇ ئارالىدىرىدىن بىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايون-
لىرىمىزغا قىلغان ئىغۋاگەرچىلىگىنى كۈچەيتىشىدىن پايدى-
لىنىپ ئىراق شەرقتە كەسكىن ۋەزئىيەت پەيدا قىلدى.
بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ئوتتۇرا شەرقتە تەجاۋۇزچىلىقىنى

كېڭەيتىش سۇيىقەستى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئاقش نىڭ تەجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى لىۋاندىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا ئاقش تەجاۋۇزچىلىرى خەلقنىڭ نەزىرىنى باشقا ياققا بۇراپ تاشلاپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى كەينىگە سوزۇش ئۈچۈن ژىراق شەرق رايونىدا تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئاستىدىكى جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى يەنىمە غالجىرلىششقا باشلىدى.

ھەممىگە مەلۇم، ئاقش ئوتتۇرا شەرقتە تەجاۋۇز قىلىش ئۇ- رۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھى ئاقش نىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا جىڭمېن، مازۇغا ئوخشاش دېڭىز بويىدىكى ئاراللارنى پاراكەندە قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭدەك «پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىقىنى تېزلەش- تۈرۈمىز» دەپ قايتا - قايتا ۋايسىدى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى جىڭمېندىكى باندىت جياڭ كەيشى ئەسكەرلىرىگە قاتتىق پەشۋا بېرىشتىن بىر ئايدىن كۆپرەك ئىلگىرى جياڭ كەيشى گورۇھىنىڭ ئايروپىلانلىرى چوڭ قۇرۇقلۇققا بولغان پاراكەندىچىلىكلىرىنى كۈچەيتتى، ئۇنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى دېڭىز بويلىرىغا قاراتقان ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى دېڭىز بوي-

لدىكى ئارالىلارغا جايلىشىۋالغان جىيانىڭ كەيشى باندىتلىرىغا قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئەرمىيىسىنىڭ مۇنداق ھەركەتلىرى تامامەن زورۇر ۋە پۈتۈنلەي توغرى ھەر- كەتدۇر، بۇ جۇڭگونىڭ ساپ ئىچكى ئىشىدۇر. داللېسقا ئوخشاش نەسلەرنىڭ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئەرمىيىسىنىڭ ئۆز زېمىنىنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت ھەققانىي ھەركىتىنى «يېڭى يەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش» دەۋاغانلىغى مۇشۇ يول بىلەن جامائەتچىلىكنى قايمۇقتۇرۇش ۋە خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنىمە دېگەن ئەخماقلىق ۋە نومۇسسىزلىق!

جۇڭنىڭ زۇڭلىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىكى ۋەزىيەت ھەق- قىدە چىقارغان باياناتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بىزنىڭ ۋە تىنىمىزنىڭ زېمىنىنىڭ پۈتۈنلىگىنى قوغداش ئىرادىمىز ھەرگىز تەۋرەنمەيدۇ، ھېچقانداق ئۇرۇش ئىغ- ۋاگەرچىلىگى ۋە ئاتوم نەيرەڭلىرى جۇڭگو خەلقىنى قور- قۇتالمايدۇ. تەيۋەن ۋە پىڭخۇ تاقىم ئارالىرى قېدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى، جىڭمىن ۋە مازۇغا ئوخشاش دېڭىز بويىدىكى ئارااللار بولۇپمۇ جۇڭگو قۇرۇغلۇقىنىڭ ئىچكى دېڭىزلىرىدىكى ئاراللار. جۇڭگو خەلقى بارلىق مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللۇنۇپ، مۇۋاپىق بىر ۋاختتا ئۆز زېمىنىنى ئازات قىلىشقا ھەقلىق، بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، بۇنىڭغا ھېچقانداق چەت مەملىكەتنىڭ مۇداخىلە قىلىشىغا رۇخسەت

قىلىنمايدۇ. بىز بولۇپمۇ جىگمىن ۋە مازۇغا ئوخشاش چوڭ قوۋ-
رۇغلۇقمىزنىڭ ئىچكى دىڭىزلىرىدىكى ئاراللارنىڭ جۇڭگو-
نىڭ ئەشەددى دۇشمەنلىرى تەرىپىدىن ئىگىلەپ ئېلىنىپ
چوڭ قورۇغلۇقمىزغا بىۋاسىتە تەھدىت سېلىشىغا سەۋر قىلىپ
تۇرالمايمىز. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئەگەر جۇڭگو ھوكۇمىتى-
نىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ تەكرار- تەكرار ئاگاھلاندۇرۇش-
لىرىغا ھەم پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىغا ئېتىۋار
قىلماي، تەۋەككۈلچىلىك بىلەن تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوز-
غايدىغان بولسا، غالىببىيەت چوقۇم جۇڭگو خەلقىنىڭ بولۇدۇ،
ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چوقۇم ھالاكەتلىك پەشۋا يەيدۇ.

كوپچىلىك ئەسلەپ كورۇشى مۇمكىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تاماملىنىپ ئۇزۇن ئوتمەيلا ئامېرىكا جاھانگىرلىگى جياڭ كەيشى باندىتلىرىغا ياردەم قىلىپ، ئومۇمىي يۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، جۇڭگونى ئاقش نىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئۇچاغدا ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ئوزىنى ئاتوم قوراللىرىغا ۋە ئۇستۇنلىككە ئىگە دەپ بىلىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، كورەڭلەپ دۇنياغا سىغماي كەتكەن ئىدى، ئۇچاغدا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئەرمىيىسى پەقەت مىلتىققىلا ئىگە ئىدى ۋە تىبرىق بىلەنلا تۇرمۇش كوچۇرەتتى. ئەمما جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى قۇللۇققا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش



www.uyghurkitap.com

پلانىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىپ جىياڭ كەيشى باندىت-
لىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئامېرىكىچە قوراللار بىلەن قوراللانغان
نەچچە مىليونلىغان مۇنتىزىم ئەرمىيىسىنى يوقۇتۇپ، جىياڭ
كەيشى باندىتلىرىنى خوجايىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىگى بىلەن
بىرلىكتە بىراقلا دېڭىز ئارقىسىغا ئىرغىتىپ تاشلىدى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىگى جۇڭگو قۇروغلىغىدا ئوزىنىڭ مەغ-
لۇپ بولغانلىغىغا تەن بەرمىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قورۇلۇپ ئۇزۇن ئوتمەستىنلا ئاقىش چاۋشەنگە تەجاۋۇز قىلىش
ئۇرۇشىنى قوزغىدى، جۇڭگو خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىگە
قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت داغ-دۇغۇ-
لۇق ھەركەتنىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى، چاۋشەن ئۇرۇش مەي-
دانىدا جۇڭگو خەلق پىدائىي قوشۇنلىرى بىلەن چاۋشەن خەلق
ئەرمىيىسى بىرلىكتە ئامېرىكا جاھانگىرلىگى بىلەن غەلىبىلىك
رەۋىشتە كۈچ سىنىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنى ئۇنىڭ
تارىخىدا بىرىنچى قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

جۇڭگو خەلقى ۋە بىزنىڭ ياش دولىتىمىز دۇنيادىكى ئەڭ
مۇدھىش ئامېرىكا جاھانگىرلىگىگە قارشى بىر مۇنچە كۈرەش-
لەرنى قىلىپ، بۇ كۈرەشلەردە ئۈستى-ئۈستىگە غالىبىيەت
قازاندى، بۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ پەقەت بىر قەغەز يول-
ۋاس ئىكەنلىگىنى، ھېچقانداق قورقۇنۇشلۇق ئەمەسلىگىنى،
ئۇنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلغىلى بولۇدىغانلىغىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

هازىرقى دەۋردىكى خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شەرق شامىلى غەرب شامىلىنى بېسىپ كەتتى، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيدى، بىز ھازىر ھەر قانداق تەجاۋۇزچىلارنى يوقۇتۇدىغان يەنىمۇ زور كۈچكە ئىگىمىز.

ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا قوزغىغان ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگى ۋە ئۇرۇش تەھدىدى جۇڭگو خەلقىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن غەزىۋىنى قوزغىدى. بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى پايتەختتىن تارتىپ چېگرا جايلارغىچە، قۇرۇغلۇقتىن تارتىپ دېڭىزلارغىچە جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزەپ ئوتلىرى پەلەككە يېتىپ، دۈشمەنگە بولغان ئىنتىقام ئوتى بىردەك كۆتۈرۈلدى، جۇئىنلەي زۇڭلىنىڭ باياناتىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى، ئالىي دولەت كېڭەشمىسى ژىغىنىنىڭ چاقىرىدىغا ئاۋاز قوشۇپ، دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىغۋارگەرچىلىگىگە قايتارما زەربە بېرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

ئاقىۋىنىڭ لىۋانغا قىلغان تەجاۋۇزى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە كەسكىنلىك پەيدا قىلدى، ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىزگە قىلغان ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگى بولسا يەنە ژىراق شەرقتە ئۇرۇش بولۇتلىرىنى پەيدا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ قاباھەتلىك ئەپتى- بەشىرىسى ئوچۇق ئاشكارە

بولماقتا. ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا بارغانسىرى يېتىمسىرەپ قالماقتا، ئەرەپ خەلقىنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىگە ئوخشاش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاقىش ھەربىي ئىنقىلاۋىغا ئېغۋاگەرچىلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆز زىمىنىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشىمۇ ھەققانىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەر قايسى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ تولۇق قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىق قىلغان سوتسىيالىزم لاگېرىدىكى ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكىنى بىر ئېغىزدىن قاتتىق ئەيىپلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنى قەتئىي قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەكتە.

سوۋېت خەلقى بارلىق ئۇسۇللار بىلەن جۇڭگو خەلقىگە ياردەم بېرىپ تەجاۋۇزچىلارنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يولداش خرۇشچېۋ، ئاقىشنى جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەجاۋۇز قىلىش بولۇدۇ، دەپ خەت يېزىپ ئاگاھلاندۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «پراۋدا» گېزىتى 8-ئاينىڭ 31-كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، جۇڭگو ھەر قانداق ئىغۋاگەرچىلىككە قەتئىي قايتارما زەربە بېرىدىغان كۈچكە ئىگە، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇستەھكەم ئىتتىپاق، جۇڭگوغا تەھدىد سېلىش

سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت سالغانلىق بولىدۇ، دەپ يازدى.
«پراۋدا» گېزىتى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى: داۋاملىق رەۋىشتە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇرۇشقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ھالاكەتلىك قايتارما زەربىگە ئۇچرايدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو خەلقىگە بارلىق ئۇسۇللار بىلەن ياردەم قىلىدۇ، دەپ يازدى. خۇددى شۇكۈنى «ئىزۋېستىيە» گېزىتى مۇنداق دەپ يازدى: ئاقش نىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى شۇنى ئۇنۇتمىسۇنكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يالغۇز ئەمەس، ئۇ قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك لاگېرنىڭ بىرقىسمى، جۇڭگو خەلقىنىڭ خوشاللىقى ۋە قايغۇسى بارلىق سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر خەلقلىرىنىڭ خوشاللىقى ۋە قايغۇسىدۇر. خۇددى شۇكۈنى «سوۋېتسكايا روسسىيە» گېزىتى: جاھانگىر قاراقچىلار ئەگەر جۇڭگو خەلقىگە بارمىقى بىلەن چېكىپ قويىدىغان بولسا، بۇ باسقۇنچىلار يالغۇز قولىدىنلا ئەمەس، بەلكى كاللىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ يازدى.

ۋيېتنام، چاۋشەن، موڭغۇلىيە، چېخوسلوۋاكىيە، ئالبانىيە، بولغارىيە، پولشا، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە گېزىتلىرىمۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر ئەنزار ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەيۋەننى بېسىپ ئېلىشى ۋە جۇڭگو خەلقىگە نىسبەتەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىنى قاتتىق ئەيىپلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنى قوللاپ-

قۇۋۋەتـلىدى، بارلىق قېرىنداش مەملىكەتـلەرنىڭ خەلـقلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىكنى سوتـسىيالـزم لاگېرىـغا قىلىنـغان ئىغۋاگەرچىلىك دەپ تونۇپ، جۇڭگولۇق قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزتاق مەنپەئەتنى قوغـدايدىغانلىغىنى ئۈستى – ئۈستىگە بىلدۈرۈشتى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ بۇ قېتىم تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا مەملىكىتىمىزگە قارشى ژۇرگۈزگەن ھەربىي تەھدىدى ۋە ئۇرۇش ئىـغۋاگەرچىلىگى ئاسىيا – ئافرىكا مەملىكەتـلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەرەپ خەلـقلىرىنىڭ غەزەپلىك ئېتىـراشلىرىنى قوزغىدى.

فاكـتلار شۇنى ئىسپاتـلىدىكى، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تەجاۋۇزچىلىققا قارشى تىنچلىقپەرۋەر مەملىكەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىز بىلەن بىللە. ئەگەر جاھانگىرلار ئۇرۇشنى جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا زورلاپ تاڭىدىغان بولسا، خۇددى «رىنمىن ربباۋ» گېزىتىدە كورسۇتۇپ ئوتكەندەك: «خەلقىمىز جەزمەن غەيرەت بىلەن قوزغىلىپ، ئۆزىنى ھىمايە قىلىدۇ، تەجاۋۇزچىلارنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، تولۇق ۋە پاپ – پاكىزە يوقۇتىدۇ». جۇڭگو خەلـقى جىنمېن ۋە مازۇنى چوقۇم ئازات قىلىدۇ. تەيۋەن ۋە پىڭخۇ تاقىم ئارالدىرىنى چوقۇم ئازات قىلىدۇ، بۇنى ھېچقانـداق كۈچ توسالمايدۇ.

ماۋجۇشى بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: «جۇڭگونىڭ

زىمىنى تەيۋەن، لىۋان ۋە ئاقش نىڭ جەنتەللەردىكى ھەممە ھەربىي بازىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان سىرتماقتۇر». ماۋجۇشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاقش مونوپوللىستىك كاپىتال گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق سىياسىتى بىلەن ئۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي ژۈرگۈزۈۋېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىشى مۇقەررەر. ئاقش نىڭ باشقا جىنايىي ھەمراھلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ» (ئالىي دولەت كېڭەشىمىسى ژىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن). تارىخنىڭ تەرەققىياتى ماۋجۇشىنىڭ ئالدىن - ئالا ئېيتقان بۇدانا سۆزىنى جەزمەن ئىسپاتلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تەيۋەن ۋەپىڭخۇ تاقىم ئاراللىرى قىدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زىمىنى

دىڭ مىنىەن

تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى. تەيۋەن تارىخى خەنسۇلار بىلەن قېرىنداش گاۋشەن مىللىتى خەلقىنىڭ تەيۋەننى بىرلىكتە ئېچىش، زۇلۇمغا ۋە تەجاۋۇزچىلىققا بىرلىكتە قارشى كۈرەش قىلىش تارىخىدۇر. بۇ تارىخ جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمىدۇر. تەيۋەن قېدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زىمىنى، بۇنى مىڭ ژىلدىن ئارتۇق تارىخ ئىسپاتلاپ تۇرۇۋېتىۋ.

تەيۋەننىڭ يەرئاستىدىن تېپىلغان ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە تەيۋەن بىلەن جۇڭگو قۇرۇغلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىزلىرى يېڭى تاش دەۋرىگە بېرىپ يېتىدۇ. چىڭ، خەن دەۋرلىرىدىن تارتىپلا تەيۋەن ھەققىدە رىۋايەتلەر بولغان، تەيۋەننىڭ يازما تارىخىمۇ ئاز دېگەندە 1700 ژىلدىن ئارتۇق مۇددەتكە ئىگە.

مىلادىنىڭ 230 ـ يىلى ئۇ دۆلەتنىڭ ۋېيۇن، جۇگېي دېگەن كىشىلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ دېڭىز ئارقىلىق تەيۋەنگە بارغان. بۇ خەنسۇ خەلقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەيۋەنگە بارغانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر قېتىمى، شۇنىڭدەك جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىلغار بىلىم بىلەن تەيۋەننى ئېچىشىنىڭ باشلىنىشى.

مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرىدىن شېنيىڭ تەرىپىدىن يېزىلىپ ھازىرغىچە ساقلانغان «لىنخەي شۇيتۇجى» («دېڭىز بويى ھەققىدىكى جۇغراپىيە مەلۇماتلار») دېگەن كىتابىنىڭ پارچە ـ پارچە قالدۇقلىرىدا تەيۋەننىڭ جۇغراپىيە ئورنى، ھاۋا رايى، يەر تۈزۈلۈشى ۋە يەرلىك خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەپسىلىي ۋە جانلىق خاتىرىلەر بار. بۇ خاتىرىلەر تەيۋەننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە گاۋشەن مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا تولۇق ماس كېلىپ، بىر ـ بىرىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇچاغدا تەيۋەن بىلەن بىر قەدەر چوڭقۇر ئۇچرۇشۇش ۋە ئەتراپلىق بىلىم بولمىغاندا، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مىلادىنىڭ 607 ـ يىلى پادىشا سۈي ياڭدى يۈيچۇي (خاس ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەمەلدارى) جۇكۇەن دېگەن كىشىنى تەيۋەنگە ئەۋەتىدۇ، ئىككىنچى يىلى تەيۋەندە تۇرۇشقا مەخسۇس ئەمەلدار ئەۋەتىپ تەيۋەن بىلەن بولغان سىياسىي ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇناسى-

ۋەتكە كەلسەك، بۇ، ۋاختىت جەھەتتىن يەنىمۇ بالدۇرراق
ياشلانغان، «سۈي شۇ» نامىلىق تارىخ كىتاۋىدىكى چىك ئىلكىنىڭ
تەرجىمە ھالىدا يېزىلىشىچە مىلادىنىڭ 610 ـ يىلى چىك ئىلىڭ
تۇرغۇن ئۈزۈم كېسمىلىرىنى ئېلىپ، گۇاڭدۇڭنىڭ چياگجۇ
دېگەن جايىدىن سەپەرگە چىقىپ، پىكىنگ ئاراللىرى ئارقىلىق
تەيۋەنگە بارىدۇ. يەرلىك گاۋشەن خەلقلىرى «ئۈزۈم كېسە-
لىرىنى بىرىنچى قېتىم كورگەنلىكتە سودا كارۋىنى دەپ بىلىپ
توپ - توپى بىلەن كېلىپ ئەسكەرلەر بىلەن سودا قىلىدۇ».
بۇنىڭدىن تەيۋەن بىلەن قۇرۇغلۇق ئوتتۇرىسىدىكى سودا
مۇناسىۋىتى خېلى بالدۇرىدىلا بارلىقىنى، گاۋشەن خەلقى
خېلى بالدۇردىن تارتىپلا چوڭ قۇرۇغلۇق بىلەن سودىلىشىشقا
ئادەتلەنگەنلىكىنى كورگىلى بولىدۇ. شۇڭدىن كېيىن تەيۋەن
بىلەن قۇرۇغلۇق ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۇمۇمەن
ئۈزۈلمەيدۇ، تاڭ، ئۇدەي دەۋرلىرىدىن تارتىپ سۇڭ، يۈەن
دەۋرلىرىگىچە جەنۇبىي فۇجەندىكى ناھىيىلەرنىڭ خەلقلىرى
ئۈزلۈكسىز دېڭىزدىن ئوتۇپ تەيۋەنگە بېرىپ جايلىشىدۇ، گاۋشەن
خەلقى بىلەن بىرلىكتە تەيۋەن بايلىقىنى ئاچىدۇ.
سۇڭ سۇلالىسى تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇغلۇق ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇھىم جاي ـــ تەيۋەن بوغۇزىغا جايلاشقان پىكىنگ تاقىم
ئاراللىرىنى ئوز ئىدارىسى ئاستىغا ئالغان. جەنۇبىي سۇڭ خاند-
انلىقىنىڭ فۇجەن شەھىرىدە تۇرۇشلۇق بوتىنجۇيىسى (تاشقى

سودىنى باشقۇرۇدىغان ئەمەلدار) جاۋرۇشىنىڭ ئوز كوزى بىلەن كورگەن ۋە ئاڭلىغان ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ يازغان «جۇفەنزى» («ھەر قايسى مىللەتلەر ھەققىدە مەلۇماتلار») ناملىق كىتاۋىدا: «جوەن (چوەنجو، سوڭ سولالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم سودا پورتى)دە پىڭخو ناملىق ئاراللار بولۇپ جىنجاڭ ناھىيىسىگە قارايدۇ» دېيىلگەن. يۈەن خاندانلىقى زامانىدا ياشىغان ۋاڭ دايەن دېگەن كىشى «داۋيىجىژلو» (ئارال خەلقلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات) دېگەن كىتاۋىدىمۇ جەنۇبىي سوڭ خاندانلىقى دەۋرىدە پىڭخو ئاراللىرى جىنجاڭ ناھىيىسىگە قارايتتى، ئاھالى ئولتۇرۇشىدا ماجرا تۇغۇلۇپ قالسا، «جىنجاڭ ناھىيىسى بىر تەرەپ قىلاتتى» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن كورۇنۇپ تۇرۇپتىكى، ئەڭ يېقىنقى زامانلاردىن ھېساپلىغاندىمۇ 12 ـ ئەسىرلەردە، پىڭخو ئاراللىرى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئىلكىگە ئوتۇپ، جۇڭگو مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. يۈەن خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، پىڭخو ئاراللىرىدىكى خەنسۇ ئاھالىسىنىڭ سانى 1600 دىن ئاشقان.

يۈەن سۇلالىسى تەيۈەن بوغۇزىنىڭ دولەت مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىپ، فۇجيەن بىلەن تەيۈەننىڭ سىياسىي ئالاقىسىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۇچۈن، ئىككى مۇھىم تەدبىرنى قوللاندى، بۇ تەدبىرنىڭ بىرسى، 1297 ـ يىلى فۇجيەننىڭ مەركىزىنى چوەنجوغا يوتكىدى، يەنە بىرسى 1360 ـ يىلى پىڭخودا «شۇنجەنسى»

نامىلىق مەھكىمە تەسىس قىلدى . شۇنىڭدەك مەھكىمىسى مەخ-
سۇس تەيۋەن ۋە پىڭخۇ ئارىلىنى ئىدارە قىلىدىغان ھاكىمىيەت
ئورگىنى بولۇپ، تەيۋەن شۇندىن باشلاپ زېمىنىمىزنىڭ بىر
قىسمىغا ئايلانغان ۋاقىت ئېتىۋارى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئامېرىكا
مۇستەقىل بولغان چاغدىن (1776 - يىل) مۇ 400 نەچچە يىل
ئاۋال بولغان .

XVI ئەسىرگە كەلگەندە، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى ھەر
قايسى ئولكىلىرى پەتەك باسقۇنچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك
پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرايدۇ، تەيۋەن ئۇلارنىڭ ھېمىشە
كىرىپ، چىقىپ تۇرۇدىغان يېرىگە ئايلىنىدۇ . شۇندىن كېيىن
ئۇزۇن ئوتمەيلا ياپونىيىلىك فىڭچىڭشۇجى چاۋشەنگە تەجا-
ۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگوغا
دېڭىز ۋە قۇرۇغلۇقتىن ھۇجۇم قىلىپ ، دېڭىز يولى بىلەن
فۇجيەن ، جېجيانگغا ھۇجۇم ياساپ تەيۋەننى ئىشغال قىلماقچى
بولدى . مىن سۇلالىسى ھوكۇمىتى دېڭىز بويلىرىدا جىسەكچى-
لىك ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، پىڭخۇ ئارىلىدا دېڭىز ئەسكەر-
لىرىنى كوپەيتىش ئۇچۇن ئەسكەر ئېۋەتىپ تەيۋەن ، پىڭخۇنى
پەتەك باسقۇنچىلاردىن مۇداپىئە كوردى . بۇ چاغدا ، تەيۋەن
مەملىكىتىمىزنىڭ دولەت مۇداپىئە سېپى بولۇپ قالدى . بۇنىڭ
بىلەن فىڭچىڭشۇجىنىڭ سۇيىقەستلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى .

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋرۇپالىقلار شەرققە بارىدىغان

يېڭى سۇ يولىنى تاپقانىدىن كېيىن، غەرب تەجاۋۇزچىلىرى سۇ يولى بىلەن كەينى - كەينىدىن شەرققە كېلىپ، شەرقنىڭ بايلىقىنى بۇلىدى، مۇستەملىكە بېسىپ ئېلىشقا باشلىدى. 1590- ژىلى پورتوگالىيىلىكلەر دېڭىز يولى بىلەن تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتكەندە، تەيۋەننىڭ گۈزەل تاغ، دەريالىرىنى، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغۇتىدىغان گۈزەل مەنزىرىلىرىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا پورموزا («گۈزەل ئارال») دەپ نام قويغان. غەربلىكلەرنىڭ تەيۋەننى بىلىشكە باشلىغان ۋاقتى مانا شۇ. دەسلەپ جۇڭگوغا كەلگەن فورتوگالىيىلىكلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئىسپانىيىلىكلەر، گوللاندىيىلىكلەر ۋە باشقىلار جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدا ئاشكارىدىن - ئاشكارە بۇلاڭچىلىق ساياھىتى قىلىپ، تېنچ ئاھالىنى بۇلاپ - تالاپ، دېڭىز ئاراللىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نومۇسسىز دېڭىز قاراقچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئاشكارە قىلىش بىلەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ نەپرىتىنى قوزغىدى. 1603- ژىلى گوللاندىيىلىكلەر پىڭخۇنى بېسىۋالغان ئىدى، فۇجيەندىكى دېڭىز بويلىرىنى ساقلىغۇچى ئەمەلدارلارنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسۈتۈشى ئارقىسىدا، ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. 1622 - ژىلى گوللاندىيىلىكلەر پىڭخۇنى قايتا بېسىۋېلىپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنى قەلئە ۋە ئىستىھكام ياساشقا مەجبۇر قىلىپ، بۇ يەرنى ئۇزۇن مۇددەت بېسىپ يېتىشقا ئۇرۇندى. 1624 - ژىلى مىن خاندانلىقى ھوكۇمىتى

فۇجيەندىكى ئەسكەرلەرنىڭ باشلىغى يۈسى سېبىڭنى ئېۋەتىپ پىڭخۇنى قايتۇرۇپ ئېلىش بىلەن، گوللاندىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، گوللاندىيە ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن گوۋ ينلوي ۋە باشقىلارنى تىرىك قولغا چۈشەردى، گوللاندىيىلىكلەرنىڭ قالغانلىرى بولسا تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تەيۋەننىڭ بىر قىسىم يېرى گوللاندىيىلىكلەر تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىندى. 1626 - يىلى ئىسپانىيىلىكلەر يەنە تەيۋەننىڭ شىمالى قىسمىنى بېسىۋالدى. گوللاندىيە، ئىسپانىيە تەجاۋۇزچىلىرى تەيۋەن بىلەن جىلۇڭلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەركەز قىلىپ ئېلىپ، تەجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنى كېڭەيتتى، ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق ئېلىپ، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ بۇ يەردىكى خەلقلەرنى شەپقەتسىز ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى. گوللاندىيىلىكلەر يەنە تەيۋەن خەلقى ئارىسىغا غەربنىڭ دىنىي ئېقىدىلىرىنى تارقىتىپ، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى زەھەرلىدى. بۇ ئىككى تەجاۋۇزچى مەملىكەت تەيۋەننى تالىشىپ كەسكىن ئۇرۇشلار قىلىپ باردى، 1642 - يىلى ئىسپانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جىلۇڭ قاتارلىق ئىستىھكاملارنى تاشلاپ بېرىپ، تەيۋەندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. 17 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئىسپانىيىلىكلەر بىلەن گوللاندىيىلىكلەرنىڭ تەيۋەننى بېسىۋالغانلىقى، جۇڭگو زېمىنى تەيۋەننىڭ بىرىنچى قېتىم مۇستەملىكىلىك ئورۇنغا

چۈشۈپ قالغانلىقىنى كورسۈتۈدۇ. XVII ئەسىردە گوللاندىيىلىك-
لەر بىلەن ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ تەيۋەننى بېسىپ ئېلىشى جۇڭگو
زېمىنى تەيۋەننىڭ بىرىنچى قېتىم مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشى
ھېساپلىنىدۇ.

17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، چوڭ قورۇغلۇق-
تىكى خەلقلەر ئارىسىدا بىرىنچى قېتىم تەيۋەنگە كوچۈش دول-
قۇنى كوتۈرۈلدى. مىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ھوكۈمە-
ران سىنىپلارنىڭ بارغانسىرى چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى، يەر-
لەرنى قوشۇۋېلىش ھادىسىلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە جىددى-
لىشىشى ئارقىسىدا، ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشمۇ بارغان-
سىرى ئېغىرلاشتى. فۇجيەننىڭ دېڭىز بويلىرىدا ياشىغۇچى يېرى-
دىن ئايرىلغان دېھقانلار ۋە تۇرمۇشتا باش پاناسىز قالغان بىر
قىسىم شەھەر ئەمگەكچىلىرى دېڭىزدىن ئوتۈپ تەيۋەنگە كەل-
گەندىن كېيىن دېھقانچىلىق ۋە باشقا تۇرمۇش پائالىيەتلىرى
بىلەن شۇغۇللاندى. فۇجيەندىكى يەرلىك ئەمەلدارلار كۈندىن
كۈنگە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان سىنىپى زىددىيەتلەرنى پەسەي-
تىۋرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى تەيۋەنگە بېرىپ بىنام ئېچىشقا رىغبەت-
لەندۈردى. جېڭ چىڭگۇڭنىڭ ئاتىسى جېڭ جىرلۇڭ فۇجيەن
ھوكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، جاڭ، چۈەن-
جۇ قاتارلىق جايلاردىكى كەسىپىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بول-
غان ئەمگەكچىلەرنى «كىشى بېشىغا 3 سەردىن تەڭگە، 3 كـ

شىگە بىردىن كالا بېرىپ، كېمە بىلەن تەيۋەنگە ماڭغۇزغان ئىدى». بۇلارنىڭ سانى نەچچە تۇمەن بولۇپ، ئۇلار يەر ئېچىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى. 1644 ـ يىلىغا كەلگەندە، تەيۋەندىكى خەنسۇلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 30مىڭ ئائىلىگە، كىشى سانى جەمئىي 100 مىڭغا يەتتى.

جۇڭگو چوڭ قۇرۇغلىقىدىن تەيۋەنگە بارغان خەنسۇ خەلقى ئۇزۇن ۋاقىت ئوتتۇراقلىشىش ۋە تەيۋەننى ئېچىش جەريانىدا، گاۋشەن مىللىتى بىلەن ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى ۋە بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. گوللاندىيىلىكلەر ۋە ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ زۇلمى ئاستىدا، خەنسۇ ۋە گاۋشەن خەلقىنىڭ تەجاۋۇزچىلارغا قارشى زور كۆزگەن بىرقانچە قېتىمقى باتۇرانە قوزغىلاڭلىرى غايەت شەپقەتسىز تۈردە بېسىقتۇرۇلدى. 1652 ـ يىلى گوخۇەيىي باشچىلىق قىلغان قوراللىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىرغىن قىلىنغان ئاھالە 8 مىڭدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن تەجاۋۇزچىلار تەيۋەن خەلقىنى پەقەت تىز پۈكتۈرەلمىدى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىش ئارزۇسى يەنىمۇ كۈچەيدى. 1661 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جېڭ چېڭگۇڭنىڭ ئەسكەرلىرى تەيۋەنگە كىرگەندە، تەيۋەن خەلقى ئۇلارنى قىزغىن ھىمايە قىلدى. بىر نەچچە ئاي داۋام قىلغان مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم نەتىجىسىدە،

گوللاندىيىنىڭ مۇداپىدە تۇرغان ئەسكەرلىرى ئاخىرى جىڭ چىڭگوڭغا تەسلىم بولدى، مۇستەملىكىچىلەر تەيۋەندىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلىپ، 38 يىل داۋام قىلغان چەتئەل ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلدى. جىڭ چىڭگوڭ جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان ئىدى، ئۇ تەيۋەنگە ئورنۇشۇۋالغان گوللاندىيە تەجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى. جىڭ چىڭگوڭنىڭ تەيۋەننى قايتۇرۇپ ئالغانلىقى، تەيۋەن تارىخىدىكى يېڭى بىر بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

جىڭ چىڭگوڭنىڭ ئەسكەرلىرى تەيۋەنگە كىرگەندىن كېيىن تەينەندە چىڭتيەنفۇ ۋىلايىتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا تيەنشىڭ ۋە ۋەنەن ناھىيىلىرىنى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەيۋەننىڭ بىلو دېگەن جايىدا ۋە پىڭخۇ ئارىلىدا ئەنخۇسى مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇنۇملۇك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشىنى يولغا قويدى. شىمالدىن جىلۇڭغىچە، جەنۇبتىن لياڭچاۋغىچە بولغان جايلارغا ئەسكەر قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قانچە جايىنى ئاجرىتىپ ھەربىي دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويدى.

جىڭ چىڭگوڭ گوللاندىيىلىكلەرنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، چوڭ قۇرۇغلۇقتىن كەلگەن خەنسۇلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىپ، تەيۋەنگە كىشى كۆچۈرۈش بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن كېلىپ چىقتى. جىڭ چىڭگوڭ بىلەن بىللە تەيۋەنگە

ىگە بارغانلارنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئاشىدۇ. جىڭچىڭگۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەيۋەننىڭ بايلىقىنى ئېچىشقا كۈچ چىقىرىش ئۈچۈن، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭدىكى جاڭ، چۈەن، خۇي، چاۋ قاتارلىق جايلاردا ئىشسىز قالغان كىشىلەرنى زور كۈچ بىلەن ۋىغىپ، تەيۋەنگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن، تەيۋەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. جىڭ چىڭگۇڭ ھاكىمىيىتى تەيۋەندە ھوكۇم سۈرگەن 20 نەچچە يىل ئىچىدە، تەيۋەندە شالىدىن بىر يىلدا 3 قېتىم ھوسۇل ئېلىندى. شېكەر ياساش، تۇزچىلىق، كېمە سازلىق، بېلىقچىلىق، كامفورا ياساشقا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. غەربىي جەنۇب تۈزلەڭلىكىدىكى رايونلاردا نۇرغۇن ئاھالە پۇنكتلىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا شەھەر تەرەققىياتىغا ئاساس بولدى، ئۇندىن قاشقىرى، يەنە يەنشۈي، جىلۇڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئارقىسىدا كېيىنكى ئاۋاتلىق ئۈچۈن ئاساس ئورنىتۇلدى. شەرق تەرەپتىكى تاغلىق جايلاردا بۇ ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن خەنسۇلارنىڭ ئىزلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرۇدۇ.

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىش جىڭ چىڭگۇڭ ھاكىمىيىتىنىڭ گاۋشەن مىللىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشىلاش ۋە گاۋشەن مىللىتىنىڭ مەنىۋىي تۇر-

www.uyghurkitap.com

مۇشىنى رىۋاجلاندۇرۇش يولىدا تەدبىر قوللانغانلىقى بولدى.
گاۋشەن مىللىتى بۇ ۋاقىتتا كالا بىلەن دېخانچىلىق قىلىش-
نى بىلمەيتتى، ساپان، ئوتىغۇچ، ئوغاق، تاماقتا ئوخشاش
دېخانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى، شال پىشىپ
يېتىشكەندە ئۇنىڭ باشلىرىنى بىرمۇ-بىر ئۈزۈپ ئالاتتى.
جىڭچىڭگوڭ ھەربىر گاۋشەن كەنتىگە بىرنەپەر خەنسۇ دېخىنى
ئېۋەتتى، بىردىن تومۇر ساپان، سورەم، ئوتىغۇچ، بىردىن
كالا تارقىتىپ بەردى، ئىلغار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش
تېخنىكىسى ۋە دېخانچىلىق سايمانلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ
ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى. ئىشلەپچىقىرىش رىۋاجلاندۇرۇلغان ئاساستا
گاۋشەن خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە
ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن
دەرىجىدە ئۆستى.

لېكىن تەيۋەن ئانچە چوڭ بولمىغان بىر جاي بولغانلىقتىن،
ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يەككە ھالدا قېلىشى ۋە قۇرۇغلۇق
بىلەن ئالاقە قىلماي تۇرۇپ، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەق-
قىيات جەھەتلەردە چەكلىمىلەرگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. 1683-ژىلى جىڭ چىڭگوڭنىڭ نەۋرىسى جىڭ كېساڭ
چىڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى، بۇنىڭ بىلەن تەيۋەن يەنە
چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ بىر تۇتاش ھاكىمىيىتى ئاستىغا
ئوتتى. ئىككىنچى ژىلى چىڭ سۇلالىسى تەيۋەندە بىر ۋىلا-

يەت مەھكىمىسى، 3 ناھىيە قۇرۇپ ئۇلارنى قوشۇن ئولكىسىگە قارىتىپ بەردى. تەيۋەندە 8000، پىڭخۇدا 2000 ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. تەيۋەن شەرقىي - جەنۇپ بويىچە مۇھىم دولەت مۇداپىيە ئىستىھكامى بولۇپ قالدى.

تەيۋەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر تۇتاش ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئوتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېگى - پايدىلىق شەرت - شارائىتلارغا ئىگە بولدى. شۇۋاختىتىن كېيىن قوشۇن ۋە گۇاڭدۇڭدىن تەيۋەنگە كەلگەن ئاھالىلار-نىڭ كوپىيىشى، ئوز كولىمى بويىچە ئىلگىركى ئەھۋالدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، بۇ، تەيۋەندە تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى رىۋاجلاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. XVII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ تەيۋەن مەشھۇر شال، ۋە شېكەر رايونى بولۇپ قالدى، بۇ نەرسىلەر ھەر يىلى سىرتقا نۇرغۇن مىقداردا چىقىرىلىدىغان بولدى. شېكەرنىڭ ئىچكى بازىرى ناھايىتى كەڭ ئىدى، تيەنجىن، نىڭبو، سۇجۇ ۋە خاڭجۇ بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا سودا كېمىلىرى بىۋاستە قاتناپ تۇراتتى، شەرقىي - جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىنىڭ ياختا گەزلىملىرى تەيۋەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا نۇرغۇن مىقداردا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ تۇراتتى، جانلانغان سودا - سېتىق پائالىيەتلىرى تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇغلۇقنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى،

تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇغلۇق بىر ـ بىرى بىلەن تېخىمۇ چەمبەرچەس بىرىكتى. 1684 ـ يىلى تەيۋەن ئاھالىسى ئاران بىر نەچچە يۈزمىڭ ئىدى، 1811 ـ يىلغا كەلگەندە 2 مىلليونغا يەتتى، 1843 ـ يىلى مولچەر بويىچە تەيۋەندە گاۋشەن خەلقى قوشۇلۇپ تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭ كىشى بار ئىدى، 1887 ـ يىلى ئۇلارنىڭ سانى 3 مىلليون 200مىڭغا يەتتى، ئاھالىنىڭ تېز كۆپىيىشى ۋە تېرىلغۇ يەر مەيدانلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە قاراپ تەيۋەننىڭ مەمۇرىيەت شەكلى توختاۋسىز ئۆزگىرىپ ماڭدى. 1684 ـ يىلى تەيۋەندە پەقەت تەيۋەن ۋىلايەت مەھكىمىسى ۋە تەيۋەن، پىڭشەن، جۇلو ناھىيىلىرى بار ئىدى، 1723 ـ يىلغا يەتكەندە جۇلو ناھىيىسىگە يەنە جاڭخۇا ناھىيىسى ۋە يەنشۈي مەھكىمىسى قوشۇلدى، 1728 ـ يىلى پىڭخۇدا مەھكىمە قۇرۇلدى، 1810 ـ يىلى گېي مادا مەھكىمە قۇرۇلدى. 1875 ـ يىلى يەنە تەيبې ۋىلايەت مەھكىمىسى، شىنجۇ، يۈنلىن، مياۋلى، خېڭچۈن، (لىڭچاۋ) ناھىيىلىرى قۇرۇلدى. 1885 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيۋەننى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشنى قارار قىلىپ ليۇمىڭچۈەننى شۈنفۇ (ئۆلكە باشلىقى) قىلىپ تەيىنلەپ، جاڭخۇادا ئۆلكە مەركىزىنى قۇردى، 1894 ـ يىلى جۇڭگو ـ ياپون ئۇرۇشى قوزغۇلۇشىنىڭ ئەرپىلىرىدە تەيۋەندە 3 ۋىلايەت، بىر بىۋاسىتە جۇۋ، 6 تىڭ، 11 ناھىيە بار ئىدى، تەيۋەندە ئومۇمىي يۇسۇندا چوڭ ـ كىچىك شەھەر ـ جىڭلار قۇرۇلۇشقا

باشلىغان ئىدى. تەيۋەن ئۆلكىگە ئايلانغاندىن ئىلگىرى ۋە كېيىن چىڭ سۇلالىسى دولەت مۇداپىئەسى، سانائەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇۋاختتىن باشلاپ تەيۋەن دولەت مۇداپىئەسى جەھەتتىلا مۇھىم ئۆلكە بولۇپ قالماستىن، ئىختىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلكىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

خەنسۇلار بىلەن گاۋشەن خەلقىنىڭ ئۇزۇن زامان بىرلىكتە ئېچىشى ئارقىسىدا تەيۋەن بارغانسىرى بېيىپ ماڭدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئامېرىكا، ياپونىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ ئاغزىدىن شالدام ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلار تەيۋەننى ئۆزىگە قارىتىپ جۇڭگو قۇرۇغلۇقىنى بېسىۋالىدىغان كۆۋرۈككە ئايلاندۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. دەسلەپ قىلىپ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن باشلاپ ئۇلار تەيۋەننى بېسىۋېلىشقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇندى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەيۋەننى بېسىۋېلىش قەستى تارمار بولغاندىن كېيىن ئۇ ياپونىيىنىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەردى. 1894 ـ يىلى ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا چاۋشەنگە تەجاۋۇز قىلىپ، جۇڭگوغا ئېغىز ئاگەرچىلىك سېلىپ، جۇڭگو ـ ياپون ئۇرۇشىنى قوزغىدى ـ چىرىك كاردىن چىققان چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى دېڭىز ۋە قۇرۇغلۇقتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، 1895 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ياپونىيە بىلەن نومۇسسىز ماگۇەن

www.uyghurkitap.com

شەرتنامىسىنى تۈزۈپ، پۈتۈن تەيۋەن ئۆلكىسىنى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاراللار بىلەن ياپونىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تەيۋەن يەنە بىر قېتىم مۇستەملىكە بولۇپ قالدى.

پۈتۈن جۇڭگو خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەننى ساتقانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندى، شۇ ۋاقىتتا كۆتۈرۈلگەن تەيۋەننى بۆلۈپ بېرىشكە قارشى تۇرۇش ھەركىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق زەربە بولدى. تەيۋەن خەلقى تەيۋەننى قوغداپ قېلىش كۈرىشىگە تېخىمۇ بىۋاستە ھەركەت بىلەن ئاتلاندى. ئۇلار ليۇيۇڭفۇ رەھبەرلىكىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ھىمايە قىلىپ، بېسىپ كىرگەن دۈشمەنلەرگە قارشى قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلدى، ئالدىدىكىلەر يىقىلسا كەينىدىكىلەر ئىزىنى بېسىپ ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى 5 ئايدىن كۆپرەك بىۋاستە ئۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ 32300 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى ۋە يارىدار قىلدى، بۇ ئۇرۇش ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ تەجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش تارىخىدا تىللاردا داستان بولۇپ سۆزلىنىۋاتقان مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر سەھىپە بولۇپ قالدى.

1945 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە تەيۋەن ياپون جاھانگىرلىكىگە مۇستەملىكە بولۇپ كەلدى. تەيۋەن خەلقى ياپون باسـ

قۇنچىلىرىنىڭ پاجىەلىك زۇلمى ۋە ئېكسپلوئاتاتسىيىسى ئاس-
تىدا ھايۋان ئورنىدا تۇرمۇش كەچۈردى، مۇتەررىزلىك ۋە
قۇللۇق دەردىنى ھېساپسىز تارتتى. تەيۋەندىكى قېرىنداشلار
ۋەتەن قويىنىغا قايتىپ كىرىش يولىدىكى كۈرەشنى بىر كۈن-
مۇ توختاتمىدى، 1897 - ژىلىدىن 1902 - ژىلغىچە، تەيۋەندە
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى زاتلاردىن 8030 كىشى قولغا ئېلىن-
دى، ئۇلاردىن 3473 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ياپونىيە ھوكۇمرانـ
لىق قىلغان يىرىم ئەسىر ئىچىدە تەيجۇگدىكى گاۋشەن خەلقى-
نىڭ ياپونىيىگە قارشى 1930 - ژىلىدىكى قوزغولىڭىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ھالىدا 20 نەچچە قېتىم كەڭرەك دائىرىدە
قوزغولاڭ بولدى. بۇقوزغولاڭلار ياپون تەجاۋۇزچىلىرى تەرى-
پىدىن ۋەھشىلەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو خەل-
قىنىڭ تەجاۋۇزچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ ئازاتلىق تەلەپ
قىلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

تەيۋەننىڭ قىدىمقى زامانلاردىن بېرى جۇڭگو تۇپرىغى
ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ تارىخىي فاكتلار بولغانلىغى ۋە
تەيۋەن ياپون باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغاندىن كېيىن
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، جۈملىدىن تەيۋەن خەلقى ئۇزۇن مۇد-
دەتلىك توختاۋسىز كۈرەش ئېلىپ بارغانلىغى ئۈچۈن ياپون
باسقۇنچىلىرىدىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى مۇھىم خەلقارا
شەرتنامىلەردا تەيۋەن جۇڭگو تۇپرىغىنىڭ ئايرىلماس بىر قىس-

مى ئىكەنلىكى يېڭىۋاشتىن قەيت قىلىندى. 1943 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدە جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى ئىمزالىغان قاھىرە خىتاپنامىسىدا: «3 دۆلەتنىڭ مەقسىتى 1914 ـ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن ئۇلۇق ئوكياندا ياپونىيە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ياكى بېسىۋېلىنغان بارلىق ئاراللارنى تارتىۋېلىش، ياپونىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان جۇڭگو خەلقىنىڭ زېمىنىنى مەسىلەن، مانجۇرىيە، تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت» دەپ ئېلان قىلىنغان. 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۆلەتلىرىنىڭ بىرلەشمە باياناتىدا، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ قاتناشقان پوتسدام ئەخباراتىنىڭ 8 ـ تارمىقىدا: «قاھىرە خىتاپنامىسىنىڭ شەرتلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 1945 ـ يىلى ياپون تەسلىم بولغاندىن كېيىن جۇڭگو قاھىرە خىتاپنامىسى ۋە پوتسدام بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تەيبېيدە ياپونىيىنىڭ 10 ـ فرونت ئەسكەرلىرى قوماندانى ۋە تەيۋەن زۇڭدۇسى ئەنتسكىلىجىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭغا ئامېرىكا پرېزىدېنتى تىرۇمېننىڭ يۈز نەچچە نەپەر ۋەكىلى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى. جۇڭگونىڭ تەيۋەن رايونىدا تەسلىمىيەتنى قوبۇل قىلغۇچى باش ئەمەلدارى چېڭيى شۇ ئولتۇرۇشتىلا رادىئودا نۇتۇق سۆزـ

لەپ: «بۇگۈندىن باشلاپ تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى رەسمىي رەۋىشتە يېڭىۋاشتىن جۇڭگو خەرىتىسىگە كىردى، بارلىق يەر، خەلق ۋە مەمۇرىي ئىشلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇدۇ. مەن بۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە باي فاكتلارنى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداشلارغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرۈپ ئۆتىمەن». دېگەن ئىدى. شۇندىن باشلاپ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ 50 ژىللىق قاراڭغۇ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى.

تەيۋەن جۇڭگوغا قايتۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو دەرھال سىياسىي ھەربىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ تەيۋەندە ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئىشقا سالدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كېيىنكى چاغلاردا بىرنەچچە قېتىم ئېلان قىلغان باياناتلىرىدىمۇ بۇ فاكتنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلدى؛ 1949-ژىلى 8-ئايدا ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئاق تاشلىق كىتاپتا: «تەيۋەن جۇڭگوغا قايتۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى. 1949-ژىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى «تەيۋەن توغرىسىدىكى سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش ھەققىدىكى كورسەتمىسى» دىمۇ: «تەيۋەن سىياسىي، جۇغراپىيە ۋە ستراتېگىيە جەھەتلىرىدە جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دەپ ئېتىراپ قىلىندى. 1950-ژىلى 1-ئاينىڭ 5-كۈنى

ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېننىڭ تەيۋەن توغرىسىدا ئېلان قىلغان ئوچۇق باياناتىدا ئامېرىكا «جۇڭگونىڭ مەزكۇر ئارالغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئامېرىكا گوۋويۇەنى تەيۋەن مەسىلىسى توغرۇلۇق ئاۋام پالاتا تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن ئوچۇق جاۋابىدا: «ئامېرىكىنى ئوز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئىتتىپاقچى دولەتلەر ئوتكەن 4 يىلدىن بېرى تەيۋەننى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ كەلدى» دېگەن ئىدى.

لېكىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تەيۋەنگە باشتىن - ئاياق ۋەھشى نىيەتتە بولۇپ كەلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى تەيۋەننى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىرى ساتقىن ھاكىمىيەت ئارقىلىق، ئىقتىسادىي، سىياسىي ساھەلەر بويىچە تەيۋەنگە كەڭ كولەمدە تەجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئەمەلىيەتتە ياپونىيىنىڭ تەيۋەندىكى ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچ گورۇھى جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن چوڭ قورۇغلۇقتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەيۋەننى بېسىۋېلىپ جۇڭگو خەلقى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ۋەھشىيانە قىياپىتى بارغانسېرى ئوچۇق پاش بولدى. ئۇ، تارىخي فاكىتلارغا قارى-

ماي، خەلقارا توختاملارغا ۋە ئۆزى ئۈستىگە ئالغان خەلقارا مەجبۇرىيەتلەرگە مۇناپىقلىق قىلىپ، 1950 - يىلى چاۋشەنگە تەجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاش بىلەن بىللە مەملىكىتىمىزنىڭ تۇپرىغى بولغان تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋېلىپ 9 يىلدىن بېرى جۇڭگو خەلقى بىر دىللىق بىلەن لەنەت - نەپرەت ئاستىغا كۆمۈپ تاشلىغان ۋەتەن خائىنى جياڭ كەيشىنى ئىزچىللىق بىلەن ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز تۇپرىغىنى ئازات قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەلدى. يېقىندا ئۇ تېخىمۇ قەبىھلىشىپ مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇغلۇققا تۇتاشقان دېڭىز بويىدىكى ئاراللىرىنى ئازات قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئېلان قىلدى.

تەيۋەن قەدىمقى زامانلاردىن بېرى جۇڭگونىڭ زېمىنى، بۇنىڭغا تەيۋەننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى گۇۋا، شۇنىڭدەك بۇنى ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيا مەملىكەتلىرى بىردەكلا ئېتىراپ قىلغان. جۇڭگو خەلقى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىشنى چەزمەن ئورۇنلايدۇ، بۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز تۇپرىغى تەيۋەننى ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى ئازات قىلىش ئىرادىسى تەۋرەنمەيدۇ، ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەر قانداق ھەربىي ئېغۋاگەر-

چىلىگى ۋە ئۇرۇش تەھدىدى جۇڭگو خەلقىنى قورقۇتالمايدۇ.
ئەگەر ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ئۆزىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق سىياستى ۋە ئۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق رەۋىشتە ژۇرگۇزۇۋدىكەن، خۇددى ماۋجۇشى كورسۇتۇپ ئۆتكەندەك، بۇ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆز بويىنىغا سىرتماق سالغانلىقى بولۇدۇ — پەقەت ئۆز ئۆلۈمىنى چاپسانلىتىدۇ، خالاس.

# ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەيۋەنگە تەجاۋۇز قىلىش تارىخى

## جوڭ چۈن

ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. يېقىنقى 100 يىل مابەينىدىكى جۇڭگو – ئامېرىكا مۇناسىۋىتى تارىخى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش تارىخىدۇر. ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ زېمىنىمىز تەيۋەنگە قىلغان تەجاۋۇزى، جۇڭگوغا قىلغان تەجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

يۈز نەچچە يىلدىن بېرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى زېمىنىمىز تەيۋەننى بېسىۋېلىش ھەم تەيۋەننى بازى قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگو ۋە يىراق شەرققە قارىتا تەجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئەزەلدىن تارتىپلا قەست قىلىپ كەلدى. مۇندىن خېلى بۇرۇن، 1854 – يىلى ئامېرىكىنىڭ دېڭىز فلوتى تەيۋەننى ۋە ئۇلۇق ئوكيان ئىچىدىكى باشقا ئاراللارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى يىراق شەرققە تەجاۋۇز قىلىدىغان دېڭىز ئەرمىيىسى بازىسى

قىلىش قەستى بىلەن، تەيۋەننىڭ جىلۇڭ دېگەن يېرىگە «زىيارەت» بانىسى بىلەن بېسىپ كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، ئاقش نىڭ دېڭىز قاراقچىلىرىدىن بولغان سودىگەرلىرى 1855-ژىلى تەيۋەنگە قانۇنسىزلىق بىلەن بېسىپ كىرىپ تىجارەتچىلىك قىلىپ، كامفارا سېتىشتىن بولۇدىغان پايدىلارنى مونوپوللىيە قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى، شۇنىڭدەك گاۋشۇڭ پورتىغا ئاقش بايرىقىنى قاداپ، تەيۋەندە «مۇستەقىل هوكۇمەت» قۇرۇپ، تەيۋەننى ئاقش نىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. بۇ پىلانغا ئاقش نىڭ شۇ چاغدا جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مەخسۇس ئەلچىسى باجا قوشۇلدى، هەم تەيۋەننى ئىشغال قىلدۇرىلىش هەققىدە ئاقش هوكۇمىتىگە ئاكتىۋ تەكلىپ بەردى. ئەمما ئۇ چاغدا ئاقش نىڭ ژىراق شەرقتىكى دېڭىز ئەرمىيىسىنىڭ كۈچى ئاجىز ئىدى، شۇڭا ئۇلار تەيۋەن خەلقى قارشى چىقىپ قالسا، ئۇياق، يە بۇياق بولالماي قېيىن ئەهۋالدا قېلىشتىن قورققانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيىنىڭ توسقۇنلىقىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئاقش نىڭ تەجاۋۇزچىلىق سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. 1867-ژىلى ئاقش كېمە خىزمەتچىلىرىمىز زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتۇلدى دېگەن باهانە بىلەن تەجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ تەيۋەننىڭ جەنۇبىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، تەيۋەن خەلقىنى قىردى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى تەيـ

ۋەندە بىرىنچى قېتىم جۇڭگو خەلقىغە قان قەرزدار بولدى.
1874 - ژىلى، ئامېرىكا يەنە ياپونىيە بىلەن بىللە ئەسكەر چىقىرىپ تەيۋەنگە تەجاۋۇز قىلدى، ئامېرىكانىڭ «نيۇ - يورۇك» ناملىق پاراخودى ياپونىيىنىڭ تەيۋەنگە ئەسكەر توشۇشقا ياردەملەشتى، ئاقش نىڭ دېگىنى، قوروغلۇق ئەرمىيىسىنىڭ ئەپىتسەرلىرى بۇ قېتىمقى قاراقچىلارچە قىلغان ھۇجۇمنى بىۋاستە پىلانلاپ بەردى، تەجاۋۇزچى قوشۇنلار تەيۋەن خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ياپونىيە ئەسكىرى كۈچىنىڭ يېتىشمىگەنلىكىنى سىزىپ، جۇڭگو بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئاقش «مۇرەسسە قىلىش» ئۇچۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى ھوكومىتىنى قورقۇتتى ۋە ئالدىدى، ياپونىيىگە 500 مىڭ سەر ئەسكىرى راسخوت تولەپ بېرىپ ئىشنى تۈگۈتۈش ئۇچۇن چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنى مەجبۇر قىلدى، ئاقش بۇنىڭ بىلەن تەيۋەندە سودا بازىرىنى كېڭەيتىش ۋە ياپونىيىدىن پايدىلىنىپ تەيۋەنگە ئۆزىنىڭ شۇم ئايىغىنى تىقىشمۇ بەكرەك كىرگۈزۈش مەخسىدىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. 1894 - 1895 - ژىلقى جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئاقش بىر تەرەپتىن ياپونىيىنى زوركۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن «كېلىشتۈرگۈچى» دېگەن نىقاپ ئاستىدا چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنى ياپونىيىگە تېز پۈكۈپ سۈلھى تەلەپ قىلىشقا دالالەت قىلدى. ماگۈەن شەرتنامىسىنى

تۈزەش ۋاختىدا، ئامېرىكلىقلارنىڭ ياپونىيە ئۈچۈن تۈزەپ
بەرگەن شەرتنامىسىدا تەيۋەننى بولۇۋېلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا
قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ماگۇەن
شەرتنامىسىنى تېز تەستىقلاشقا زورلىدى. شۇندىن باشلاپ
قېدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنى بولغان تەيۋەن ياپون جاھان-
گىرلىگىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. تەيۋەن خەلقى
ياپون باسقۇنچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 50 يىل ئىچىدە مۇنقە-
رىزلىك ئازابىنى ھەددى-ھېسابسىز تارتتى.

1945-يىلى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشى غەلىبە قىلىش بىلەن، تەيۋەن يېڭىۋاشتىن ۋەتەن قوينىغا
قايتىپ كەلدى. لېكىن پۈتۈنلەي ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە
يۆلەنگەن ۋەتەن ساتقۇچى جياڭ كەيشى گورۇھى ياپون جاھان-
گىرلىگىنىڭ تەيۋەندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا دەسسىدى.
بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق تەسىرى
تەيۋەنگە پەيدىن-پەي چوڭقۇر كىردى. مۇندىن خېلى بۇ-
رۇن، 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، ئامېرىكا جا-
ھانگىرلىكى تەيۋەنگە قانداق تەجاۋۇز قىلىش ھەققىدە چوت
سوققان ئىدى، جياڭ كەيشى ئەرمىيىسى تەيۋەنگە كىرىشتىن
بۇرۇن ئاق ش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «تەسلىمنى قوبۇل قىلىش»
ۋە «ئەسىرلەرنى كۆچۈرۈش» ئىشىغا ياردەم قىلىش باناسى
بىلەن تەيۋەندە قورۇغلۇقا چىقىپ، تەيۋەنگە تەجاۋۇز قىلىشنىڭ

ھەرخىل تەييارلىقلىرىنى قىلىشقا باشلىدى ، ئاقش شپىونلىرى
ۋە ھەربىي ئاخباراتچىلىرى تەيۋەننىڭ ھەربىي جەھەتتە مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە جايلىرىنى مەخپىي تەكشۈردى. 1946 – ژىلى
10 – ئايدا ئامېرىكا ئۇرۇش خۇمارى ماكارتۇرا جياڭ كەيشى
بىلەن تەيبىدە مەخپىي سوھبەت ئۆتكۈزدى، سوھبەتتە ۋەتەن
ساتقۇچى جياڭ كەيشى گۇرۇھى ئاقشنىڭ تەيۋەندىكى
پەۋقۇلئاددە ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى، ئاقشغا تەيۋەننىڭ
مۇھىم پورتلىرىنى ئىگەللەش ۋە ھەربىي بازى قۇرۇش ئىمتىيا-
زىنى بەردى. شۇندىن كېيىن، ئاقش تەيپىدىكى سۇڭشەن
ئايرودورومى، تەيجۇڭ ئايرودورومى، تەينەن ئايرودورومى ۋە
شىنجۇۋ ئايرودورومىلىرىدا ئۆزىنىڭ ھاۋا ئەسكەرلىرى بازىسىنى
قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى يەنە
جىلۇڭ ۋە گاۋشۇڭ پورتلىرى بىلەن پىڭخۇدىكى ماگۇڭ قاتار-
لىق پورتلارنى ئۆزىنىڭ دېڭىز ئەسكەرلىرى بازىسىغا ئايلان-
دۇردى، قۇرۇغلۇق ئەرمىيىسى جەھەتتە، دائىملىق تەيۋەندە
تۇرۇپ ۋەتەن ساتقۇچى جياڭ كەيشى گۇرۇھىنىڭ قوشۇنلى-
رىنى تەشكىللەش ۋە تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن ئا-
قشنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ جياڭكەيشى گۇرۇھىدىكى «بىرلەش-
كەن ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى»نى تەيىنلىدى ۋە نۇرغۇن
ساندا ئامېرىكا ئەفىتسەرلىرىنى ئەۋەتتى ، تەيۋەن ئەمەلىيەتتە
ئاقشنىڭ جۇڭگو ۋە ژىراق شەرققە قىلىدىغان تەجاۋۇزچى-

لمغىنى كېڭەيتىشتىكى ھەربىي بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تەيۋەندە ھەركەت قىلىش ئۈچۈن تۇرلۇك ئىقتىسادىي ئۇمەك ۋە كۆزۈتۈش ئۆمەكلىرىنى تەشكىل قىلدى. كېيىن يەنە ھەرخىل يوللار بىلەن تەيۋەننىڭ يەر ئاستى بايلىقىنى ئېچىش ھوقۇقىنى ۋە مۇھىم سانائەت كارخانىلىرىنى ئىگەللىۋالدى. شۇنىڭدەك «يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش ھەيئىتى» دېگەن بىر نىمىسى ئارقىلىق تەيۋەننىڭ دېھقانچىلىقىنى ئۆز ھوكۇمرانلىقىغا ئېلىۋالدى، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى، دېھقانلارنى غالجىرلارچە بۇلاپ - تالىدى ۋە ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تەيۋەننىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى قولىغا ئېلىۋالدى، تەيۋەن ئەمىلىيەتتە، ئاقش نىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئاقش تەيۋەننى ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىۋېلىش مەخسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەجاۋۇزچىلىقى بىلەن بىر قاتاردا، تەيۋەندە ھەرخىل زەھەرلىك سىياسىي سۇيىقەستلەرنىمۇ ژۇرگۈزدى. ئاقش تەيۋەندە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئامېرىكا پەرەست كۈچلەرنى يېتىشتۇرۇپ «تەيۋەننى بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى كېرەك»، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» دېگەن بىرنىمىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ژۇرگۈزدى ۋە

شۇنداق ھەركەتلەرنى پەيدا قىلدى. مانا بۇلار ياپون باسقۇنـ
چىلىرى تەسلىم بولغاندىن تارتىپ 1949 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە
ئاقىش نىـڭ تەيۋەنگە قىلغان تەجاۋۇزچىلىقىنىـڭ پولا تتـەك
فاكتىدۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەنگە
قىلغان تەجاۋۇزچىلىق ھەركىتى ئۇنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى ئۆزىنىڭ
مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قىلغان سۇيىقەستىنىڭ
بىر تەركىۋىي قىسمىدۇر. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1949 ـ يىلـى جۇڭگونىـڭ چوڭ
قۇرۇقلۇقىنى ئازات قىلـدى، جياڭكەيشىنىڭ قالدۇق كۈچـ
لىرى تەيۋەنگە قېچىپ بېرىپ، تەيۋەننى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
جان تالىشىدىغان ئۇگىـسى قىلـدى، ۋەتەن ساتقۇچى جـياڭ
كەيشى گورۇھىنىڭ مەغلۇبىيىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۈملىدىن
تەيۋەن خەلقىنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىـلىقى ئۈستىـدىن قولغا
كەلتۈرگەن ئۇلۇق غەلىبىسىدۇر. لېكىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى
بۇئەڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيـىتىنى ئېتىراپ قىلىشـنى خالىمايدۇ،
ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش ھەركىتىنى ۋاختىنچە تەيـ
ۋەن ئاردىلىغا توپلىدى، ھەم بۇيەرنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇريـ
يىتىگە قارشى ئۇرۇش ۋە ئاسىيا دولەتلىرىگە بولغان تەجاۋۇزـ
چىلىقنى كۈچەيتىشنىڭ بازىسى قىلدى، 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا،
ئاقىش نىڭ چاۋشەنگە تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش قوزغاش ۋە ھىنـ

دىچىنىگە بولغان مۇداخىلىسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشكارە سۈرەتتە تەيۋەننى بېسىۋېلىشىدىن مەخسەت ياش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى چاۋشەن، ھىندىچىن، تەيۋەن ئارالىق 3 تەرەپتىن قورشاپ ئېلىپ يوقۇتۇشتىن ھەم ئاسىيادا قىلىدىغان تەجاۋۇزىنى كېڭەيتىش ئىشىنى يەنىمۇ رىۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئامىرىكىنىڭ 7 - ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىدى تەيۋەن بوغۇزىغا بېسىپ كىردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، ئاقش نىڭ ژىراق شەرقتە تەجاۋۇز قىلىش ئەرمىيىسىنىڭ باش سىلىڭى ماكارتۇرالار توكيودىن تەيۋەنگە كېلىپ، تەيۋەننى تايانچى بازى قىلغان ھالدا جۇڭگو خەلقىغە قارشى ئۇرۇش ئېچىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. 8 - ئايدا ئاقش نىڭ ژىراق شەرقتىكى ھاۋا ئەسكەرلىرى سىلىڭبۇسىغا قاراشلىق 13 - ھاۋا ئەسكەرلىرى ئەترىدى تەيۋەنگە بېسىپ كىردى. شۇنىدىن باشلاپ ئاقشنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى جەنۇپتا گۇاڭشەنتۇدىن شىمالدا شەندۇڭنىڭ چىڭداۋغا يېقىن جۇڭگو دېڭىزلىرىغىچە چارلاش ۋە تەكشۈرۈش ئىشىنى ئېلىپ باردى، ئاقش ئايروپىلانلىرى دائىم تەيۋەن ۋە باشقا بازىلاردىن ئۇچۇپ چىقىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ھاۋا تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتقا قارىغاندا، 1950 - ژىل 7 - ئايدىن 1954 - ژىلى 9 - ئايغىچە مەملىكىتىمىزنىڭ ھاۋا تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەن ئاقش ئايروپىلان-

لىرى جەمئى 8220 تۇركۇم، 32.995 ئايروپىلان ـ قېتىمـىغا (بىر ئايروپىلاننىڭ ھەر قېتىم كىـرگىنىنى بىر ئايروپىلان قېتىم ھېساپـ لىنىدۇ ـ تەر) يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 199 تۇركۇم، 1393 ئايروپىلان قېتىم جەمئى 2408 بومبا تاشلاپ بومباردىمان قىلدى، 116 تۇركۇم، 526 ئايروپىلان قېتىم ئوققا تۇتـتى. ئاق ش ھوكۇمتى يەنە ھەربىي ئايروپىلانلار ئېۋەتىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ھاۋا تەۋەسىگە بېسىپ كىرگۈزۈپ ستراتېگىك چارلاش ئېلىپ باردى ھەم ئايروپىلانـ لاردىن شېسون تاشلاپ بۇزغۇنچىلىق ھەركەتـلىرىنى قىلـدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكـا جاھانگىرلىگـى جياڭ كەيـشى قاراقچىلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى تەربىيلەش ئىشلىرىنى كۈچەيتتى، ئاق ش نىڭ تەيۋەندىكى «ھەربىي ياردەم مەسلىھەتچىلەر ئومىگى» دېگەن بىر نىمىسى جياڭ كەيشى باندىتلىرىنىڭ دېڭىز، قۇرۇغـ لۇق، ھاۋا ئەسـكەرلـىرىنى داۋاملىق تەرتىپـكە سالماقـتا، ئۇلارنى قۇراللاندۇرماقتا ۋە تەربىيلـمەكتە، شۇنىڭدەك ئاق ش ھوكۇمـتى باندىت جياڭ كەيشى ئەرمىيـسـىنى مىلتىق، زەمـ بىرەك، ئوق دورا، تانكىدىن تارتىپ ئايروپىلان، ئۇرۇش كېـ مىلىرىگىچە تۈرلۈك قۇراللار بىلەن تەمىنلىدى. ئامېرىكا جاھانـ گىرلىـگى ۋەتەن ساتقۇچى جياڭ كەيشى گۇرۇھىغا كوپ ساندا «ھەربـىي ياردەم» ۋە «ئىقتىسادىي ياردەم» لەرنى بەردى، تولۇق بولمىغان مەلۇماتقا قارىغانـدا، 1950 ـ ژىلى 7 ـ ئايدىن 1954 ـ ژىلى 6 ـ ئايغا قەدەر ئېلىنغان پۇللارنىڭ ئومۇمىي سانى

تەخمىنەن بىر مىللىيارد 400 مىللىون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ.
ۋەتەن ساتقۇچى جياڭكەيشى گورۇھى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ
يولیورۇقى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقتىن چوڭ قورۇقلۇقتا ۋە
دېڭىز بويلىرىغا نىسبەتەن قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق سىياسىتى
خاراكتېرىدىكى ئورۇشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى، ۋەتەن
ساتقۇچى بۇ گورۇھ دائىم جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ
ئۆلكىلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنى ۋە ئاراللارنى
ئوغرىلۇقچە ئوققا تۇتتى، دېڭىز بويلىرىدىكى شەھەرلەرنى بوم-
باردىمان قىلىپ، خەلقنى قىردى، شۇنىڭدەك قورۇقلۇقتا دېڭىز
ئارقىلىق شىپىيون ئېۋەتىش ياكى ئايروپىلاندىن شىپىيون تاشلاش ئارقى-
لىق سۇيىقەستلىك ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى، مۇندىن تاشقىرى،
ئامېرىكا تەجاۋۇزچى ئەرمىيىلىرى ۋەتەن ساتقۇچى جياڭكەيشى
گورۇھىغا ياردەم قىلىپ جۇڭگونىڭ كېمىلىرىنى ھەم مەملىكە-
تىمىزگە تىجارەت ئۈچۈن كېلىۋاتقان چەتئەل كېمىلىرىنى تالان-
تاراج قىلىدى ۋە تۇتۇپ قالدى. ئاقش ھوكۇمىتىنىڭ ۋەتەن
ساتقۇچى جياڭكەيشى گورۇھىغا يول كورسۇتۇش بىلەن قىلغان
بۇ دېڭىز قاراقچىلىقى ئوچۇق دېڭىزدا ئۈزۈش ئەركىنلىكى
پرىنسىپىنى قوپاللىق بىلەن بۇزدى، ئامېرىكا چاۋشەنگە تەجا-
ۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، تەيۋەنگە نىسبەتەن
خىلمۇ - خىل قوراللىق تەجاۋۇزىنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتتى،
بۇ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى

ئېكەنلىكىنى، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادىكى، بولۇپمۇ ئاسىيادىكى ھەر قايسى مەملىكەت تىنچلىقپەرۋەر خەلقلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق كورسۈتۈپ بەردى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشەن، ھىندىچىنى، تەيۋەن 3 تەرەپتىن مەملىكىتىمىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ۋە ئاسىياغا قاراتقان تەجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى كېڭەيتمەكچى بولغان سۇيىقەستلىرى، 1954 ـ يىلىدىلا جۇڭگو خەلقى، چاۋشەن خەلقى ۋە ھىندىچىنىدىكى ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ئاستىدا، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، شەرمەندىسى چىققان ئىدى. لېكىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بۇ شەرمەندىلەرچە بولغان مەغلۇبىيەتلەردىن تېگىشلىك ساۋاق ئالمىدى. چاۋشەن ئۇرۇشى توختۇتۇلغان ۋە ھىندىچىنى تىنچلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەلقارا كەسكىن ۋەزىيەت پەيدىن-پەي پەسىيىشكە يۈزتۇتقانلىقى ئۈچۈن، تىنچلىقتىن قورقۇدىغان ئاقش ھوكۇمران گورۇھى قاتتىق خاتىرجەمسىزلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەيۋەنگە قېچىپ بارغان ۋەتەن ساتقۇچى جياڭكەيشى گورۇھىدىن پايدىلىنىش ئىشىنى كۈچەيتىپ، مەملىكىتىمىزگە قاراتقان تەجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتمەكچى ۋە ئاسىيادا يېڭى جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ، مۇستەملىكىچىلىك ئۈچۈن جان تالاشماقچى بولدى. دەل ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 1954 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ئامېرىكا جىياڭكەيشى «ئورتاق مۇداپىئە شەرتنامىسى» دېگەن بىر نەرسىنى ئىمزالاشتى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بۇ شەرتنامە ئارقىلىق زېمىنىمىز تەيۋەننى قوراللىق بېسىۋالغانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى، ھەمدە تەيۋەننى مەملىكىتىمىزگە تەجاۋۇز قىلىش ۋە يېڭى ئۇرۇش تەييارلاشنىڭ بازىسى قىلىشنى ئويلىدى، بۇ شەرتنامە باشتىن-ئاخىر تەجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش شەرتنامىسىدۇر، بۇ شەرتنامىدا ئاقىشنىڭ ئۇرۇش قىمارۋاز-چىلىقى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز زېمىنى تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئارالارلىرىنى ئازات قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش ئاشكارە بەلگىلىنىپلا قالماي، بەلكى ۋەتەن ساتقۇچى جىياڭ كەيشى گورۇھىنىڭ چوڭ قۇرۇغ-لۇققا ھۇجۇم قىلىپ چوڭ ئۇرۇش قوزغىشىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىلھام بېرىلگەن. بۇ خەلقىمىزگە قىلىنغان جىددىي ئۇرۇش ئېغۋاگەرچىلىكىدۇر، شۇنداقلا بارلىق تىنچلىقپەرۋەر مەملىكەت ۋە خەلقلەر ئۈچۈن جىددىي ئۇرۇش ئېغۋاگەرچىلىكىدۇر. بۇ شەرتنامە ئىمزالانغاندىن تارتىپلا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تەي-ۋەنگە بولغان تەجاۋۇزچىلىقى ۋە نازارىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ھەم تەيۋەن رايونىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈردى.

ئاقىش تەيۋەننى پۈتۈنلەي ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە ئاتوم ئۇرۇشىنى قوزغايدىغان بازىسىغا ئايلان-دۇرۇش ئۈچۈن، نەچچە يىلدىن بېرى تەيۋەندە بىر مۇنچە

تەجاۋۇزچىلىق ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى. ھەممىدىن ئاۋال،
ئامېرىكىنىڭ تەيۋەندىكى ھەربىي تەجاۋۇزچىلىق ئورگانلىرىنى
يېڭىۋاشتىن تەشكىللىدى ۋە كۈچەيتتى. 1955 - يىلى 11 - ئاي-
دا، تەيۋەندىكى «ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ئالاقە باغلاش مەر-
كىزى» دېگەن تەشكىلاتىنى «ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ تەيۋەن
مۇداپىئەسىگە ھەمكارلىشىش سىلىڭبۇسى» قىلىپ ئۆزگەرتىپ
جياڭ كەيشى ۋەتەن ساتقۇچى گورۇھىنىڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈن-
لەي ئۆز ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاستىغا ئالدى. بۇ يىل 5 - ئايدا ئۆزى-
نىڭ تەيۋەندە تۇرۇشلۇق «ئامېرىكا ھەربىي مەسلىھەتچىلەر
ئۆمىكى»، «ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ تەيۋەن مۇداپىئەسىگە ھەمكار-
لىشىش سىلىڭبۇسى» دېگەنگە ئوخشاش 17 تەجاۋۇزچىلىق ئور-
گانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئامېرىكىنىڭ تەيۋەننى قوغداش سى-
لىڭبۇسى - ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ زۇڭبۇسى» قىلىپ
ئۆزگەرتتى، بۇنىڭغا دوبېل زۇڭ سىلىڭ بولدى، بۇ تەيۋەن
رايونىدىكى ئامېرىكا قوشۇنلىرى ۋە باندىت جياڭ كەيشى قو-
شۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي سىلىڭى بولدى. ئۇندىن باشقا، ئاق ش
تەيۋەندە داۋدەن (راكېتا) بازىسىنى قۇردى. 1957 - يىل 5 -
ئايدا، ئامېرىكا «دۇنيۇسىشى» شەكىللىك داۋدەن قوشۇنىنى
تەيۋەنگە كەلتۈرۈدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ھەمدە بۇ يىل
5 - ئايدا مەخپىي رەۋىشتە داۋدەن سىنىقى ئۆتكۈزدى. ئاق ش
دولەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى باندىت جياڭ كەيشى قوشۇنىدا

ئاتوم بلەن قۇراللانغان» 5سى تەشكىل قىلىندىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ تەيۋەننى ئۇزاق شەرقتىكى ھەربىي بازىغا ئايلاندۇرۇپ، يادرو ئۇرۇشىغا كۆچلۈك تەييارلىق كۆرۈش بلەن ۋەتەن ساتقۇچى جياڭكەيشى گۇرۇھىنى قۇرال قىلىپ، ئاسىيا مەملىكەتلىرىگە قاراتقان تەجاۋۇزنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تولۇق ئېچىپ تاشلىدى.

ئىختىسادىي تەجاۋۇز جەھەتتە، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەنگە ئىختىسادىي تەجاۋۇزىنى ئىدارە قىلغۇچى ئورگان «ئامېرىكا خەلقارا ھەمكارلىق مەھكىمىسىنىڭ تەيۋەن شۆبىسى» دە 50 نەچچە باشقارما، گۇرۇپپا، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قاتارلىق شەكىللەردىكى شوبە تارماق ئورگانلىرى ئاقىۋىنىڭ. ئىختىسادىي جەھەتتىكى تالان-تاراج چوتىنى تەيۋەننىڭ سانائەت، دىخانچىلىق، بېلىقچىلىق، قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق ھەممە تەرەپلەرگە قۇرۇق قويماي سۇنۇپ، تەيۋەننىڭ ئىختىسادىنى پۈتۈنلەي ئىگەللىۋالدى، ئەمىلىيەتتە تەيۋەن ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئاقىش تەيۋەننى قۇراللىق بېسىۋېلىپ، تەيۋەننى ئازات قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلدى، ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىش بلەن بىللە، يەنە تەيۋەننى بازە قىلىپ، ۋەتەن ساتقۇچى جياڭكەيشى گۇرۇھىنى قۇرال قىلىش بلەن شەرقى-جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللىي مۇستەقىل دولەتلەردە ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ دولەت-

لەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. ئاقش
ھىندونېزىيىدىكى ئىسيانچىلارغا تەيۋەن ئارقىلىق ھەربىي
قورال، ئايروپلان، بېنزىنلارنى يەتكۈزۈپ بەردى ھەم ئىس-
يانچىلارنىڭ ھەربىي ھەركەتلىرىگە بىۋاستە قاتنىششقا ھەر-
بىي خادىم ۋەشپىيونلارنى ئېۋەتىش توغرىسىدا جىياڭ كەيشى
گورۇھىغا يوليورۇق بەردى، تەيۋەن بىلەن ھىندونېزىيىدىكى
ئىسيانچىلارنىڭ ھەقىقەتەن تىل بىرىكتۈرگەنلىك فاكتلىرىنى
باندىت جىياڭ كەيشىنىڭ گېزىتلىرىمۇ يوشۇرالمايدۇ.

ئاقش تەيۋەنگە تەجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتىش بىلەن تەڭ،
ئۇ يەنە 1955 ـ ژىلى 8 ـ ئايدا باشلانغان جۇڭگو ـ ئاقش ئەلچى
دەرىجىلىك ۋەكىللىرى سوھبىتىدە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ
تەيۋەننى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلىشمىزنى، تەكىتلەپ
تەيۋەن رايونىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى داۋاملاشتۇردى
ۋە كەسكىنلەشتۈردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇچقان-
دەك تەرەققى قىلدى ۋە زورايدى، جۇڭگو خەلقى تەيۋەننى
چوقۇم ئازات قىلىدۇ. ئاقشنىڭ جۇڭگو خەلقىگە دۈشمەنلىك
بىلەن قاراش، يېڭى جۇڭگونى ئىقرار قىلماسلىق ۋە يېڭى
جۇڭگونى خەلقارا ھاياتتىن چەتكە قېقىش سىياستى يېڭى
جۇڭگونىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققى قىلىشىغا قىلچە
زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەكسىچە، ئاقشنىڭ ئۆزىنى كۈن-
دىن ـ كۈنگە يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئاقش بۇ

قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇش، شۇنداقلا تەيۋەننى داۋاملىق بېسىپ يېتىش ئۈچۈن، كۈچىنىڭ بىر دىچە «2 جوڭگو» قۇرۇش سۇيىـ قەستىنى توقۇپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى. لېكىن ئاقشنىڭ بۇ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆزى سىيا- سىي ۋە ئىنسانىيەتچىلىك جەھەتتە تېخىمۇ يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ بۇ قېتىم تەيۋەن بوغۇزى رايو- نىدا مەملىكىتىمىزگە بولغان تەجاۋۇزچىلىق دائىرىسىنى كېڭەي- تىشى، ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكى سېلىش يولىدا ئوچۇقتىن - ئوچۇق سالغان تەھدىتىدىن ئىلگىرى تەيۋەنگە قىلغان تەجاۋۇزىنىڭ قىسقىچە تارىخى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ زېمىنىمىز تەيۋەنگە تەجاۋۇز قىلىش تارىخى شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇغلۇقتىكى خەلقلەر بىلەن تەيۋەن خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش تارىخىدۇر. مۇندىن خېلى بۇرۇن، 1867 - يىلى ئاقش دەسلەپ قىلىپ تەيۋەنگە قوراللىق تەجاۋۇز قىلغاندا، تەيۋەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باتۇرانە قارشىلىقىغا ئۇچ- راپ، تەجاۋۇزچىلارنىڭ سۇيىقەستى تارمار كەلتۈرۈلدى. 1874- يىلى تەيۋەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاقش بىلەن ياپونـ يىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا يەنە بىر قېتىم قارشى تۇرۇپ، تەجاۋۇز- چىلارغا ئېغىر زەربە بەردى. ماگۇەن شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن

كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى تەيۋەننى
ياپونىيىگە بولۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە تەيۋەن-
نىڭ بولۇنۇشىگە قارشى داغدۇغۇلۇق كۈرەش قوزغالدى.
شۇندىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا
تەيۋەن خەلقى ئالدىدىكىلەر يىقىلسا ئارقىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ
ئىزىنى بېسىپ دۈشمەنگە قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلدى؛
چوڭ قوزغىلۇقتىكى خەلقلەر بىلەن تەيۋەن خەلقى ياپون جاھان-
گىرلىگىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغانلىغى ئۈچۈن ئاخىرى 1945-
يىلى ياپون جاھانگىرلىگى مەغلۇپ بولۇپ تەيۋەن يېڭىۋاشتىن
ۋەتەنىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش غەلبە قىلغاندىن كېيىن، ئاقشنىڭ تەجاۋۇزچى تەسە-
رى تەيۋەنگە چوڭقۇر كىرىپ ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ئور-
نىنى ئىگىلىدى. تەيۋەندىكى قېرىنداشلار ئاقش ھوكۇمىتىنىڭ
ۋەتەن ساتقۇچ جياڭكەيشى گورۇھىغا ھەمكارلىشىپ قىلغان
بارلىق سۇيىقەستلىك ھەركەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كوردى،
ئۇلار ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ۋە
ئۇنىڭ يالاقچى ئىشتلىرىغا قارشى ئۇلۇق مىللىي ئازاتلىق ھەر-
كەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1947-يىلى 2-ئاينىڭ 28-
كۈنى تەيۋەن خەلقى شەرەپلىك ھالدا قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ،
ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى قوبۇل قىلمايدىغان
تەيۋەن خەلقى، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنىمۇ

مۇتلەق قوبۇل قىلمايدىغانلىغىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكالىدى. ھازىر، جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇغلۇقىدا قۇدرەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋۇجۇتقا كەلدى، پۈتۈن دۇنيا ۋەزىيىتى شەرق شامىلى غەرب شامىلىنى مۇتلەق بېسىپ چۈشكەن دەۋرگە كىردى، دۇنيادا ھېچبىر جاھانگىر جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز زېمىنى تەيۋەننى ئازات قىلىشىنى توسالمايدۇ. ئەگەر ئامېرىكا جاھانگىرلىگى يېڭى ئۇرۇش قوزغاشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، ئۇچاغدا، ئۇ چوقۇم تەيۋەن بوغۇزى رايونىدا دەپنە قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئېغۋا-گەرچىلىكىنى ئەمەلىي ھەركىتىمىز بىلەن تار مار كەلتۇرەيلى

ما شى جاڭ

تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى قەدىمدىن تارتىپلا مەملەكىتىمىزنىڭ زىمىنىدۇر. جىڭمېن، مازۇ قاتارلىق دېڭىز بويىدىكى ئاراللار جوڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ دېڭىز تەۋەسى ئىچىدىكى ئاراللاردۇر. تەيۋەننى ۋە دېڭىز بويىدىكى بۇ ئاراللارنى ئازات قىلىش خەلقىمىزنىڭ دەخلى يەتكۈزگىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ھوقۇقى ۋە تەۋرەنمەس مەيدانى. مۇندىن 9 ژىل بۇرۇن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ھوكۇمىتىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ۋە جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي تەيۋەن ۋە پېڭخۇ ئاراللىرىنى قوراللىق كۈچ بىلەن بېسىۋالدى. يېقىندا ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى تەيۋەن بوغۇزى رايونىدىكى تەجاۋۇزىنىڭ دائىرىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئاراللىرىغىچە كېڭەيتىپ، ئەسكەرلىرىنى يوتكەپ ۋە ئەسكىرىي

كۈچلىرىنى توپلاپ، خەلقىمىزگە ئۇچۇقتىن - ئوچۇق ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك ۋە ئۇرۇش تەھدىتى سېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ جىنمېن، مازۇ ئاراللىرىنى ئازات قىلىش يۈرۈشىدىن قوللانغان جىددىي ھەربىي ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرى 600 مىليون جۇڭگو خەلقىغە قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىراق شەرق ۋە دۇنيا تىنچلىقىغا سېلىنغان ئېغىر تەھدىتتۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلىكىنى قوغداش، ئىراق شەرق ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ياشلىرىمىز سەپەرۋەرلىككە كېلىپ پۈتۈن خەلقىمىز بىلەن بىر يولدا ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكىنى قەتئىي تارمار كەلتۈرۈش يولىدا كۆرەش قىلىشى لازىم.

جۇئىنلەي زۇڭلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تەيۋەن بوغۇزى رايونىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى. ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكىنى ۋە ئۇرۇش تەھدىتىنى تارماركەلتۈرۈش ئۈچۈن ياشلىرىمىز جۇزۇڭلىنىڭ باياناتىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈتۈرەڭگۈ روھلۇق ۋە جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈدىغان نامايىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشى ۋە ئۇنى پائال قانات يايدۇرۇشى لازىم. ھەممىگە مەلۇمكى،

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى ئەسلىدە قەغەز يولۋاس بولسىمۇ، لېكىن ئۇقۇرۇق ھەيۋە بىلەن ھەممە يەردە كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، بىر قىسىم ئاجىزلاشقان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا، يالغۇز كۆرەش ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان كىشىلەردىن بىر ئاز پايدا ئۈندۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، 600 مىللىيون خەلقىمىزنىڭ قەھرى-غەزەپ ئاۋازلىرى بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇش خۇمارلىرىغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىمىز لازىمكى، سەنلەرنىڭ قۇرۇق ھەيۋىلىرىڭ ئىشلىمەيدۇ، ھەر قانداق ئۇرۇش تەھدىتلىرىڭ جۇڭگو خەلقىنى قورقۇتالمايدۇ! بۈگۈنكى جۇڭگو ھەرقانداق كىشى ئۆزمەيلىچە پارچىلاپ ئالىدىغان جۇڭگو ئەمەس، بەلكى قۇدرەتلىك تاشتەك مەككەم، ھەر قانداق كۈچ بوزەك ئېتەلمەيدىغان غايەت زور كۈچ بولۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى قۇدرەتلىك سوتسىيالىزم لاگېرى ۋە دۇنيادىكى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر مەملىكەتلەر ۋە خەلقلەر جۇڭگو خەلقى تەرەپتە تۇرماقتا. جۇڭگو خەلقىنىڭ تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئارالللىرىنى ئازات قىلىش ئىرادىسى ھەرگىز تەۋرەنمەيدۇ.. جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ چوڭ قۇرۇغلىقىنىڭ ئىچكى دېڭىزلىرىدىكى جىگمېن، مازۇغا ئوخشاش ئارالىلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنقى جىسەكچىلىك پونكىتى قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشىغا مۇتلەق يول قويالمايدۇ. بىز 600 مىللىيون خەلق ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇمىز، لېكىن بىز ھەرگىز ئۆز زېمىنىمىزنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇ-

قىمىزنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا تېپچىلىق تىلىمەيمىز. بىز تېپچە-
لىقنى سويۇمىز، لېكىن ئامېرىكا ئۇرۇش خۇمارلىرى ئۇرۇشىنى
جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا تاڭىدىكەن، بىز ھېچبىر ئىككىلەنمەس-
تىن، تەجاۋۇزچىلارغا ئۇرۇش بىلەن جاۋاپ بېرىمىز. ئامېرىكا
جاھانگىرلىرىنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىمكى، ئەگەر
ئۇلار قۇدرەتلىك جۇڭگو خەلقىگە قول تەككۈزۈشكە جۈرئەت
قىلىدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ كالىسىغا ئاگاھ بولسۇن. ئامېرىكا
تەجاۋۇزچىلىرى جۇڭگو خەلقى ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلمىسۇن،
ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك ۋە ئۇرۇش تەھدىتىنى توختۇتۇپ
تەيۋەن بوغۇزى رايونىدىن چىقىپ كەتسۇن. ئەگەر ئامېرىكا
تەجاۋۇزچىلىرى تەجاۋۇزچىلىق سياسىتى ۋە ئۇرۇش سياسە-
تىنى جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭگو خەلقى بىلەن
كۈچ سىنىشىپ بېقىشقا بەل باغلىغان ئىكەن، ئۇچاغدا بىز
ماۋجۇشىنىڭ تەلىمى بويىچە پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرى بىلەن
بىرلىشىپ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنى ئۆزلىرى تەييارلاپ ئۆزلىرى
بوينىغا سالغان سىرتماق بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈمىز. ياش يولداشلار،
بىزنىڭ قەھرى غەزىۋىمىز قاينىپ تاشسۇن، يەنە قاينىپ تاش-
سۇن، بىزنىڭ غەزەپ سادالىرىمىز پۈتۈن جاھانغا ياڭرىسۇن،
ئاقىۋەت ئۇرۇش خومارلىرى قۇدرەتلىك جۇڭگو خەلقى ئالدىدا
دىر ـ دىر تىترىسۇن.

ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكىنى ۋە

ئۇرۇش تەھدىدىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىز قەھرى - غەزىپىمىزنى غايەت زور كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن خەلقىمىز بىلەن بىللە تېخىمۇ تولۇپ-تاشقان غەيرەتكە كېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بويىچە زور قەدەملەر سەكرەپ ئىلگىرىلىشىنى تېزلىتىپ ئالغا سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش-نىڭ سۈرئىتىنى چاپسانلىتىپ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچلىرىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز ۋە مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. بىزنىڭ شانلىق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىز ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرى ئۈستىدىن قەھرىمانلارچە نازارەت قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى قوغدىماقتا، شۇنىڭدەك تەيۋەننى ۋە دېڭىز بويلى-رىدىكى بارلىق ئاراللارنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنىڭ بۇيرۇغىنى كۈتۈپ تەييار تۇرماقتا؛ بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى ئىشلىگەنلىگىمىز ئۇلارغا ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم قىل-غانلىغىمىز بولىدۇ. بىز بىر تونىنا پولاتنى، بىر ستانوكنى، بىر جىڭ ئاشلىقنى ئارتۇق ئىشلەپچىقارساق تەيۋەننى ئازات قىلىش كۈچىمىز بىر ھەسسە ئاشىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا قولغا كەلتۈرگەن ھەر بىر مۇۋەپپەقىيىتى جاھانگىرلارغا بېرىلگەن بىر زەربە، شۇنىڭ ئۈ-چۈن، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ چاقىرىغىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تولۇپ-تاشقان غەيرىتىمىزنى جارىي قىلىپ، بۇ يىلقى پولات

مەھسۇلات مىقـدارىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، 10 مىللىون 700 مىڭ توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە، بىز قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇق غەلىبىلىرىمىز ئاساسىدا داۋاملىق كۈچەپ ئىشلەپ، زىرائەتلەرنى پەرۋەرىش قىلىش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، كۈزلۈك زىرائەتتىن كوپلەپ مول ھوسۇل ئېلىشىمىز لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن ژىغىنىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن مەملەكەت مىقياسىدا كولىمى زور ئاممىۋىي خاراكتېرلىك يەرنى چوڭقۇر ھايدەش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇپ مۇندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە يەنىمۇ زورسەكرەپ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. «ئىرادىمىز مۇستەھكەم خۇددى پولاتتەك، يوق قىلىمىز بىرنىيەتتە ئامېرىكا بورىلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىمىز خۇددى جەڭگە چىققاندەك، ملتىق قىلىمىز قولىمىزدىكى ئەسۋاپلىرىمىزنى». ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە ئۇرۇش تەھدىتىنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىز ياشلار، ئەنە شۇنداق قەھرىمانە غەيرەت بىلەن يەنىمۇ كوپ پولات ـ تومۇر، يەنىمۇ كوپ ماشىنا، يەنىمۇ كوپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىمىز لازىم. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە يەنىمۇ زور دولقۇن كوتۈرۈپ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە ئۇرۇش تەھدىتىگە جاۋاب بېرەيلى.

ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيـ
تىش ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ھەربىي ئىنقىلابچىلىرىنى
چەكلەش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ
چاقىرىقلىرىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، خەلق گۈگۈشىپىسىغا ئاكتىپ
ۋە قىزغىن قاتنىششىمىز لازىم، خەلق گۈگۈشىپىسى قۇرۇلغاندا،
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازات قىلغىلى، ئەمگەك ئۈنـ
ئۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. خۇددى بىر
دېخان يولداش ئېيتقاندەك: «كىچىك كوئوپېراتىۋلار جىـلغا
كولىيالىسا، چوڭ كوئوپېراتىۋلار تاغنى يېرىـپ تاشلىيالايدۇ،
گۇگۇشې قۇرۇلسا، يەرشارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ تاشلىغىلى
بولىدۇ». پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە سانائەت، دېخانچىـ
لىق، سودا-سېتىق، مەكتەپ، ھەربىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن
خەلق گۇگۇشېلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنى چاپسانـ
لىتىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنى مۇددەتتىن بۇرۇن قۇرۇشنىڭ
ھەم پەيدىن - پەي كوممۇنىزمغا ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى تەشكىـ
لىي شەكلى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك كېلىچەكتىكى كوممۇنىزم
جەمئىيىتىنىڭ باشلانغۇچ ئورۇنلىرى بولىدىغانلىقىنى
كۆرسەتتى. خېنەنلىك بىر دېخان يولداش خەلق گۇگۇشېسىنى
قۇرۇشنىڭ ئۇلۇق ئەھمىيىتىنى مۇنداق جانلىق تەسۋىرلىگەن:
«گۇگۇشېغا كىرسەك جەننەتكە كىرگەندەك بولىمىز، بىر كېچىلىك
مۇسابىقە بىلەن نەچچەمىڭ يىلدىن ئۆتۈپ كېتىمىز، خۇسۇسىي

مۇلۇكنىڭ ژىلتىزىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئارىدىن يېڭى سەھىپە ئاچىمىز». ئەمىلىيەت خەلق كۈرۈشىسى قوزغالغانىدا، ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ يەنىمۇ باي، قۇدرەتلىك ۋە مۇستەھكەملىنىشى يولىغا يەنىمۇ چاپسان قەدەم قويۇدىغانلىغىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگىنى چەكلەش ۋەتەيۋەن ھەم دېڭىز بويىدىكى بارلىق ئاراللارنى ئازات قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىرىمىز خەلق كۈرۈشلىرىدا خوشال - خوراملىق بىلەن قاتنىشىپ، پارتىيە رەھبەرلىگىدە پۈتۈن خەلقىمىز بىلەن بىللە مەملىكىتىمىزنى بۇرۇنراق خەلق كۈرۈشىسىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگى ۋە ئۇرۇش تەھدىدىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار كەلتۈرۈش، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىغىنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت ياشلىرى - زاۋۇد، فابرىكا، كانلاردىكى، يېزىلار، ئىدارىلار، كارخانىلار، مەكتەپلەردىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ چاقىرىغىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، بەس - بەس بىلەن قولىغا قورال ئېلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇمۇمخەلقنى قوراللاندۇرۇش ئىشىنى چاپسان ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. بىز ياشلار مۇلكى ئىشلارنىمۇ قىلالايدىغان ۋە ھەربىنىمۇ بولالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ بىلىدىـ

غان ۋە ئۇرۇش قىلىشنىمۇ بىلىدىغان كۆپ تەرەپلىمە ماھارەت ئىگىلىرىگە ئايلىنىشىمىز لازىم، چەتئەل تەجاۋۇزچىلىرى ھۇجۇم قىلمىغان چاغلاردا بىز تەبىئەتكە يۈرۈش قىلىدىغان، يەر شارىدا ئۇرۇش ئاچىدىغان كۈچلۈك ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئەرمىيىسى بولۇپ تۇرۇشىمىز؛ جاھانگىرلەر بىزگە قول ئۇزاتقان ۋاقىتتا، پۈتۈن ياشلىرىمىز دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈدىغان، دۈشمەننى يوقۇتۇدىغان باتۇرانە قوراللىق كۈچكە ئايلىنىشى لازىم. ئۇلۇق ۋەتىنىمىز يېڭىلمەس، كۈچلۈك خەلق ئازاتلىق ئەرمىيىسىگە ئىگە. ئەگەر ئۇنىڭغا 120مىللىون ياشلاردىن تەركىپ تاپقان خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇلسا، ئۇ ۋاقىتتا نېمىدىن قورقۇمىز؟ ھەرقانداق تەجاۋۇزچىلار، قانچە ۋەھشى بولسا بولسۇن ـ ھېچنىمىگە توختىمايدۇ، ئەگەر جاھانگىرلار ئۇرۇش خۇمارلىرى جۇڭگو خەلقىنى بىرەرنى چېكىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كاللىسى پەچەق-پەچەق قىلىپ تاشلىنىدۇ. ئومۇمخەلقنى قوراللاندۇرۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلق ئەسكەرلىرى بولۇشقا قىزغىن ئاتلىنايلى، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەپ ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى مەككەم تۇتۇشىمىز لازىم. بىز پارتىيىمىزگە شۇنداق قەسەميات قىلىمىزكى: بىز ئۇلۇق ۋەتەن ئوغۇل ـ قىزلىرى ھەر دائىم تەييار، ۋەتىنىمنىڭ بۇيرۇغىنى كۈتۈپ تۇرىمىز. ماۋجۇشى بىر ئېغىز بۇيرۇق بېرىدى-

ﻏﺎﻧﻼ ﺑﻮﻟﺴﺎ، ﺷﯘ ﺯﺍﻣﺎﻥ ﻗﯘﺭﺍﻝ ﺋﯧﻠﯩﭗ ﺋﺎﻟﺪﯨﻨﻘﻰ ﺳﻪﭘﻜﻪ ﺑﺎﺭﺩﯨﻤﯩﺰ.
ﺗﻪﺟﺎﯞﯗﺯﭼﯩﻼﺭﻧﻰ ﻳﻮﻗﯘﺗﯘﺵ، ﯞﻪﺗﻪﻧﻨﻰ ﻗﻮﻏﺪﺍﺵ، ﺋﯩﺮﺍﻕ ﯞﻪ ﺷﻪﺭﻕ ﯞﻪ ﺩﯗﻧﻴﺎ ﺗﯩﭽﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﻗﻮﻏﺪﺍﺵ ﻳﻮﻟﯩﺪﺍ ﻫﯧﭽﻨﯩﻤﯩﻨﻰ ﺋﺎﻳﯩﻤﺎﻳﻤﯩﺰ.

ﻫﺎﺯﯨﺮ ﺋﺎﻣﯧﺮﯨﻜﺎ ﺗﻪﺟﺎﯞﯗﺯﭼﯩﻠﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﻏﺎﻟﭽﯩﻠﯩﺮﻯ ﻗﻮﻟﯩﻨﻰ ﺋﯩﺮﯨﮕﻪ ﻣﺎﻳﯩﻼ ﻗﺎﻟﻤﺎﻱ، ﺑﻪﻟﻜﻰ ﺗﺎﺷﻘﻰ ﺋﯩﺸﻼﺭ ﻣﯩﻨﯩﺴﺘﯩﺮﻟﯩﮕﯩﻤﯩﺰﻧﯩﯔ ﻛﻪﻳﻨﻰ - ﻛﻪﻳﻨﯩﺪﯨﻦ ﭼﯩﻘﺎﺭﻏﺎﻥ ﺟﯩﺪﺩﯨﻲ ﺋﺎﮔﺎﻫﻼﻧﺪﯗﺭﯗﺷﻠﯩﺮﯨﻐﺎ ﻗﺎﺭﯨﻤﺎﻱ ﻫﻪﺭﺑﯩﻲ ﭘﺎﺭﺍﺧﻮﺩﻯ ﯞﻪ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻠﯩﺮﯨﻨﻰ ﺑﯩﺰﻧﯩﯔ ﺩﯦﯖﯩﺰ ﺗﻪﯞﻩﻳﯩﻤﯩﺰ ﯞﻪ ﻫﺎﯞﺍ ﺗﻪﯞﻩﻳﯩﻤﯩﺰﮔﻪ ﻛﯩﺮﮔﯜﺯﯛﭗ ﺗﻪﺟﺎﯞﯗﺯ ﻗﯩﻠﻐﯘﺯﯗﭖ، ﻧﺎﻫﺎﻳﯩﺘﻰ ﺧﻪﯞﭘﻠﯩﻚ ﻫﻪﺭﺑﯩﻲ ﺗﻪﯞﻩﻛﻜﯜﻟﭽﯩﻠﯩﻚ ﻗﯩﻠﻤﺎﻗﺘﺎ، ﺑﯩﺰ ﭘﯜﺗﯜﻥ ﻳﺎﺷﻼﺭ ﺩﻩﺭﻫﺎﻝ، ﺑﯩﺮﺩﻩﻙ ﻫﻪﺭﻛﻪﺗﻠﯩﻨﯩﭗ، ﭘﻮﻻﺕ، ﻣﺎﺷﯩﻨﺎ، ﺋﺎﺷﻠﯩﻘﻨﻰ ﻛﻮﭖ ﺋﯩﺸﻠﻪﭘﭽﯩﻘﯩﺮﯨﭗ، ﺧﻪﻟﻖ ﮔﻮﯕﺸﯩﻠﯩﺮﯨﮕﻪ ﺋﺎﻛﺘﯩﭗ ﻗﺎﺗﻨﯩﺸﯩﭗ، ﺋﻮﻣﯘﻣﺨﻪﻟﻘﻨﻰ ﻗﯘﺭﺍﻟﻼﻧﺪﯗﺭﯗﺵ ﺋﯩﺸﯩﻨﻰ ﻣﯘﻣﻜﯩﻦ ﻗﻪﺩﻩﺭ ﭼﺎﭘﺴﺎﻥ ﺋﻪﻣﻪﻟﮕﻪ ﺋﺎﺷﯘﺭﯗﺷﺘﯩﻦ ﺋﯩﺒﺎﺭﻩﺕ ﺋﻪﻣﻪﻟﯩﻲ ﻫﻪﺭﻛﯩﺘﯩﻤﯩﺰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺧﻪﻟﻖ ﺋﺎﺯﺍﺗﻠﯩﻖ ﺋﺎﺭﻣﯩﻴﯩﺴﯩﮕﻪ ﻳﺎﺭﺩﻩﻡ ﺑﯧﺮﯨﭗ، ﺋﺎﻣﯧﺮﯨﻜﺎ ﺗﻪﺟﺎﯞﯗﺯﭼﯩﻠﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﺋﯘﺭﯗﺵ ﺋﯩﻐﯟﺍﮔﻪﺭﭼﯩﻠﯩﻜﻰ ﯞﻪ ﺋﯘﺭﯗﺵ ﺗﻪﻫﺪﯨﺘﯩﻨﻰ ﺗﺎﺭﻣﺎﺭ ﻛﻪﻟﺘﯜﺭﯛﺷﯩﻤﯩﺰ ﻻﺯﯨﻢ، ﺋﻪﮔﻪﺭ ﺋﺎﻣﯧﺮﯨﻜﺎ ﺋﯘﺭﯗﺵ ﺧﯘﻣﺎﺭﻟﯩﺮﻯ ﺟﯘﯕﮕﻮ ﺧﻪﻟﻘﯩﻨﯩﯔ ﻛﻪﻳﻨﻰ - ﻛﻪﻳﻨﯩﺪﯨﻦ ﭼﯩﻘﺎﺭﻏﺎﻥ ﺋﺎﮔﺎﻫﻼﻧﺪﯗﺭﯗﺷﻠﯩﺮﯨﻐﺎ ﯞﻪ ﭘﯜﺗﯜﻥ ﺩﯗﻧﻴﺎ ﺧﻪﻟﻘﯩﻨﯩﯔ ﺗﯩﭽﻠﯩﻖ ﺋﺎﺭﺯﯗﻟﯩﺮﯨﻐﺎ ﻗﺎﺭﯨﻤﺎﻱ ﺋﯘﺭﯗﺵ ﻗﻮﺯﻏﺎﻳﺪﯨﻐﺎﻥ ﺑﻮﻟﺴﺎ، ﺑﯩﺰ ﭼﻮﻗﯘﻡ ﭘﯜﺗﯜﻥ ﺩﯗﻧﻴﺎ ﺧﻪﻟﻘﻠﯩﺮﻯ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﯩﺮﻟﯩﺸﯩﭗ، ﺋﯘﻻﺭﻧﻰ ﺋﯚﺯﻟﯩﺮﻯ ﺗﻪﻳﻴﺎﺭﻻﭖ ﺋﯚﺯﻟﯩﺮﻯ ﺑﻮﻳﻨﯩﻐﺎ ﺳﯧﻠﯩﯟﺍﻟﻐﺎﻥ ﺳﯩﺮﺗﻤﺎﻕ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﻮﻏﯘﭖ ﺋﯚﻟﺘﯜﺭﯛﻣﯩﺰ.



www.uyghurkitap.com

## قوشۇمچە

# تەيۋەن، پىڭخۇ تاقىم ئاراللىرى، جىڭمېن ئارىلى ۋە مازۇ تاقىم ئاراللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

## تەيۋەن ۋە پىڭخۇ تاقىم ئاراللىرى

تەيۋەن ــ مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ بىر ئارىلى بولۇپ، ئۇنىڭ يەر مەيدانى 46 مىڭ كوۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ (بۇ ئارالنىڭ يەر مەيدانى 35 مىڭ 759 كوۋادرات كېلومېتىر كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا پىڭخۇ تاقىم ئاراللىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى باشقا ئۇششاق ئاراللارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 36 مىڭ 400 كوۋادرات كىلومېتىر بولىدۇ)، ئۇ تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئۇ قېتىدا فۇجيەن ئۆلكىسى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇغلۇق بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا ئەڭ يېقىن جايلاشقان جايلارنىڭ ئارىلىقى پەقەت 140 – 150 كىلومېتىر كېلىدۇ.

تەيۋەن مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇپ دېڭىز بويىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەرپ تەرىپى ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇغلۇقىغا يېقىن، شەرق تەرىپى كەڭ ئۇلۇق ئوكيانغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ قاتناش ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىدە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

تەيۋەن ئارىلى جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى
كورۇنۇشى خۇددى ئۇرچۇقـقا ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئارالنىڭ تەخمىنەن $\frac{2}{3}$
قىسمى بوك ـ باراخسان ئورمانلىق بولۇپ، دېڭىز بويىغا جايلاشقان
غەرپ قىسمى بىر قەدەر كەڭ تۈزلەڭلىكلەردىن ئىبارەت. تەيۋەننىڭ
مۇھىم تېغى تەيۋەن تاغلىرى دەپ ئاتىلىپ، پۈتۈن ئارالنى شىمالدىن
جەنۇپقا كېسىپ ئۆتۈش بىلەن شەكلى خۇددى بىر ئومۇرتقىغا ئوخشاي-
دۇ. بۇتاغ تىزمىسىغا نۇرغۇنلىغان ئىگىزتاغلار جايلاشقان بولۇپ، يۇي-
سەن تېغى ھەممىدىن ئىگىزتاغ ھېساپلىنىدۇ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 3
مىڭ 950 مېتر ئىگىزلىكتە بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرق قىسمى-
دىكى ئەڭ ئىگىز تاغدۇر. تەيۋەننىڭ دەريالىرى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ
مەركىزىي قىسمىدىكى تاغلاردىن باشلىنىپ تورت ئەتراپقا قاراپ ئاقى-
دۇ. شۇڭا بۇ دەريالار ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن ھېساپلان-
غان ژوشۇيشى دەرياسىمۇ 165 كىلومېتردىن ئاشمايدۇ. بۇ دەريالارنىڭ
ئېقىمى ناھايىتى ئىتتىك، كېمە زورۇشكە قولايسىز بولسىمۇ؛ لېكىن
سۇ كۈچىگە ئىنتايىن باي.

تەيۋەن مۆتىدىل بەلۋاغ بىلەن ئىسسىق بەلۋاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جاي-
لاشقان. كىلىماتى مۆتىدىل، يامغۇر ـ يېغىنى كوپ، ماددىي مەھسۇلات-
لىرىمۇ ناھايىتى مول جايدۇر.

تەيۋەننىڭ تەبىئىي شارائىتى يېزا ئىگىلىگىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا بەك-
مۇ مۇۋاپىق. قەدىمدىن تارتىپ تەيۋەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىرىش-
چانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىشى نەتىجىسىدە تەيۋەننىڭ يېزا ئىگىلىگى
خېلى ئاساسقا ئىگە بولوپ قالغان. گۈرۈچ ۋە شېكەر قومۇچ ئاساسىي
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تەيۋەندە گۈرۈچتىن

ئىككى قىتىم ھوسۇل ئېلىنىدۇ، شاللىقلار ئاساسەن غەرب قىسمىدىكى تۆزلەڭلىكلەرگە جايلاشقان. شېكەر قومۇچ چىقىدىغان جايلار ئاساسەن شەرقىي جەنۇب دېڭىز ساھىللىرىگە تارقالغان بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى پەقەت ھىندىستان، كوبا ۋە ياۋا ئاراللىرىدىن قالسا، دۇنيا بويىچە تورتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇندىن باشقا كۆپ مىقداردا چاي ۋە تىرۆپىك مېۋىلەر چىقىدۇ.

تەيۋەندە بۇك-باراخسان دەرەخزارلىقلار بار، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئورمان خەزىنىلىرىنىڭ بىرسى ھېساپلىنىدۇ. كامفورا دەرىخى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كامفورا مەھسۇلاتى دۇنيا بويىچە ئەزەلدىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

تەيۋەننىڭ كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، ئاساسەن كۆمۈر، نېفىت، ئالتۇن، مىس، گۈگۈرت ۋە باشقىلار چىقىدۇ. كۆمۈر زاپىسى مىقدارى ناھايىتى زور بولۇپ، مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، تەخمىنەن 400 مىللىيون توننىغا يېتىدۇ، نېفىت غەرب قىسمىدىكى ئىدىرلىقلاردىن چىقىدۇ، ئالتۇن ئاساسەن شىمالىي قىسمىدىكى جىلۇڭ ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ.

پۈتۈن تەيۋەن زېمىنىدىكى ئېلېكتر ئىبرەلەيدىغان سۇ كۈچلىرىنىڭ قۇۋۋىتى مۆلچەر بويىچە 2 مىللىيون 500 مىڭ كىلوۋات سائەتتىن ئاشىدۇ. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقانلىرى ئۇنىڭ $\frac{1}{5}$ قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ.

تەيۋەندە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان سانائەت — شېكەر ئىشلەپچىقىرىش، قەغەز ياساش، توك ئېلىش ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت.

تەيۋەننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ناھايىتى مول بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدا ياشى-

غانلىغى؛ ياپون تەسلىم بولغاندىن كېيىنلا يەنە ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ۋە جياڭ كەيشى باندىتلىرىنىڭ دەھشەتلىك بۇلاڭ-تالىڭى ۋە ئېكسپلۇئاتاتسىيىلىرىگە ئۇچرىغانلىغى ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى رېۋاجلىنىش بوياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۈندىن-كۈنگە تارىيىپ باردى. تەيۋەن خەلقىنىڭ تۇرمۇشمۇ بارغانسېرى قىيىنلاشتى.

تەيبى، جىلۇڭ، گاۋشۇڭ، تەينەن شەھەرلىرى تەيۋەننىڭ ئاساسىي شەھەرلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تەيبى تەيۋەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يەنشۈيخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تەيۋەن بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر ھېساپلىنىدۇ. جىلۇڭ تەيۋەن ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىگىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ، تەيۋەن بويىچە بىرىنچى چوڭ پورت ھېساپلىنىدۇ. گاۋشۇڭ تەيۋەن ئارىلىنىڭ غەرپ جەنۇپ بېشىغا جايلاشقان، تەيۋەننىڭ مۇھىم ئېكسپورت پورتى بولۇپ ئۇ شامىنغا ناھايىتى يېقىن جايلاشقان. تەينەن شەھرى ئارالنىڭ غەرپ-جەنۇپ قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى ھېساپلىنىدۇ. بۇ شەھەرلەر ھازىر جياڭ كەيشى باندىتلىرىنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى مەسىلەن: تەيبى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق ھەركىتى ئېلىپ بارىدىغان مەركىزى بولۇپ قالدى؛ بەزىلىرى مەسىلەن: جىلۇڭ ۋە گاۋشۇڭ شەھەرلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ھەربىي بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

پىڭخۇ تاقىم ئاراللىرى تەيۋەننىڭ غەربىي جەنۇپ ئەتراپلىرىغا تارقالغان 64 چوڭ-كىچىك ئارالدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ يەر مەيدانى 120 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پىڭخۇ، بەيسا ۋەيۈەن ئاراللىرى ھەممىدىن چوڭ ھېساپلىنىدۇ. پىڭخۇ ئارىلى-

نىڭ غەربىي شىمال بىيشىدىكى ماگوڭ پورتى پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى بويىچە ھەممىدىن مۇھىم بىر پورت بولۇپ، بۇمۇ ھازىر ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تەجاۋۇزچى ئۇرۇش كېمىلىرى ئەترىتى پايدىلىنىدىغان بازىغا ئايلىنىپ قالدى.

## جىنمىن ئارىلى ۋە مازۇ تاقىم ئاراللىرى

جىنمىن — فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىكى مۇھىم ئارال بولۇپ، ئۇ شامىن پورتىنىڭ دېڭىزغا ئۆتىدىغان مۇھىم يولىنى توسۇپ تۇرىدۇ ۋە جەنۇبىي فۇجيەننىڭ دارۋازىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ «جىنمىن» ① دەپ ئاتالغان. ئۇنى شامىندىن دېڭىز ئايرىپ تۇرىدۇ. ئەڭ يېقىن جايلاشقان يەرلىرىنىڭ ئارىلىقى پەقەت 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. جىنمىندا چوڭ - كىچىك ئىككى ئارال بار، كىچىك جىنمىن چوڭ جىنمىن بىلەن شامىننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، غەربىي جەنۇب تەرىپىدە دادەن ۋە شاۋدەن ئاراللىرى جايلاشقان. شىمالىي قىسمىدا دادېڭداۋ ۋە شاۋدېڭداۋ ئاراللىرى جايلاشقان، بۇ ئاراللار چوڭ جىنمىننى مەركەز قىلغان ھالدا شامىن پورتىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ ئالغان بولۇپ، شامىن ئۈچۈن تەبىئىي قالقان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئالاھىدە بولالايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما جىنمىن ھازىرغا قەدەر جياڭ كەيشى باندىت ئەسكەرلىرىنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، جياڭ كەيشى باندىت ئەسكەرلىرىنىڭ

① جىنمىن — ئالتۇن دەرۋاز دېگەن مەنىدە.

ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇغلۇغىدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇدىغان مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

چوڭجىگمىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلىغى 30 نەچچە كىلومىتىر كېلىدۇ. جەنۇپتىن ـ شىمالغا ئەڭ كەڭ جايلىرى 20 نەچچە كىلومىتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىدىكى تاغلىق قىسمى پەقەت تەخمىنەن 6 كىلومىتىرلا كېلىدۇ. دېڭىز بويىدىكى يەرلەر تۈزلەڭ بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى شەرق تەرەپكىرەك جايلاشقان يەرلەردە بىر قەدەر ئېگىزرەك تاغلار بار، بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدە بىتەي ئۇسەن تېغى ھەممىدىن ئېگىز بولۇپ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 779 مېتىر ئېگىزلىكتە تۇرۇدۇ. جىگمىن ناھىيە شەھرى بۇ ئارالنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ خۇپۇ دېگەن يېرىگە جايلاشقان. جىگمىندە تەخمىنەن 45 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ياشايدۇ.

جىگمىندىن باشقا، يەنە مىنجياڭ دەرياسىنىڭ ئېغىزىدا مازۇ تاقىم ئاراللىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر قانچە، كىچىك ئاراللارنىمۇ باندىت جياڭكەيشى ئەسكەرلىرى بېسىپ ياتماقتا. بۇمۇ باندىت جياڭكەيشى ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇغلۇغىدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇدىغان مۇھىم بىر بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. جىگمىن مازۇنىڭ جەنۇبىي شىمال قىسمى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئارىلىغى 210 نەچچە كىلومىتىر كېلىدۇ. مازۇ تاقىم ئاراللىرى نەنگەنتاڭ، بېيگەنتاڭ، گاۋدىڭ قاتارلىق بىر قانچە ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇغلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىغى تەخمىنەن 10 نەچچە كىلومىتىر كېلىدۇ. نەنگەنتاڭ مازۇنىڭ ئاساسىي ئارىلى بولۇپ، بۇ ئارالنىڭ كوپ قىسمى تاغلار بىلەن تولغان، جياڭكەيشى باندىتلىرىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئورگانلىرى پۈتۈنلەي مۇشۇ مازۇ رايونىغا جايلاشقان. ئارال

شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 6 كىلومېتىر كېلىدۇ، جەنۇپتىن ـ شىمالغا ئەڭ كەڭ جايلىرى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ مازۇ تاقىم ئاراللىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ ئارالنىڭ بىرسىدۇر. مازۇ رايونىنىڭ ئۇمۇمىي ئاھالىسى تەخمىنەن 11 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى بېلىق ئوۋلاپ جان باقىدۇ.

جىڭمىن ۋە مازۇ ئاراللىرىغا جايلاشقان باندىت جياڭكەيشى ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 50 مىڭدىن ئارتىدۇ. باندىت جياڭكەيشى ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭى ۋە شۇلۇپ ئېلىشى نەتىجىسىدە يەرلىك ئاھالى پەقەت كاۋا بىلەنلا كۈن كوچۈرمەكتە. نۇرغۇن ئادەملەر 7 ـ 8 ۋىلدىن بۇيان گوروچ كورۈپ باقمىغان. ئۇلار چاپسانراق ئازات بولۇشىنى تورت كوزى بىلەن كۈتمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دېڭىز تەۋەسىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر

## 1. دېڭىز تەۋەسى دېگەن نېمە؟

دېڭىز تەۋەسى (سۇ تەۋەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ بىر مەملىكەتنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى مەلۇم كەڭلىكتىكى دېڭىز رايونىغا ئېيتىلىدۇ. دېڭىز تەۋەسى دېڭىز بويىدىكى مەملىكەت تۇپرىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، شۇ مەملىكەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. دېڭىز تەۋەسى دېڭىز بويىدىكى مەملىكەتكە نىسبەتەن ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە: بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى دېڭىز تەۋەسىدىن دېڭىز بايلىقلىرى چىقىدۇ ۋە دېڭىز ئۈستىدە قاتناش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دۆلەت مۇداپىئە ئەھمىيىتىگە ئىگە، چۈنكى دېڭىز تەۋەسى دېڭىز مۇداپىئە رايونى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن دېڭىز يۈزىدىن كېلىدىغان ھۇجۇملارغا مۇداپىئە كۆرگىلى بولىدۇ. دېڭىز تەۋەسى دېڭىز بويىدىكى دۆلەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنى ھېساپلاش مەسىلىسىنى قارار قىلىش ھوقۇقى ئەنە شۇ دۆلەتنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىگە كىرىدۇ.

## 2. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكىنى بەلگىلەش ئەھۋالى قانداق؟

مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز تەۋەسى كەڭلىكى 12 دېڭىز مىلى قىلىپ

بەلگىلەندى، بۇ ھوكۇمىتىمىزنىڭ دولىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەمەلگە قويۇشتىكى ناھايىتى چوڭ بىر بەلگىلىمىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھازىر دۇنيادىكى دولەتلەرنىڭ دېڭىز تەۋەسى كەڭلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى بىردەك ئەمەس. ئاقش، ئەنگلىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ دېڭىز تەۋەسى ئۈچ دېڭىز مىلى قىلىپ بەلگىلەنگەن. دانىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دولەتلەرنىڭ 4 دېڭىز مىلى، ئىران، كوبا قاتارلىق دولەتلەرنىڭ 6 دېڭىز مىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى، بولغارىيە، رومىنىيە، بىرلەشكەن ئەرەپ جۇمھۇرىيىتى، ئېفىئوپىيە، لىۋىيە، گوتىمالا، ۋېنېسۇئېلا، ئېكۋاتور، ھىندونېزىيە ۋە ئىسلاندىيە قاتارلىق 12 دولەتنىڭ 12 دېڭىز مىلى قىلىپ بەلگىلەنگەن. چىلىنىڭ 50 كىلومېتىر قىلىپ بەلگىلەنگەن، سالۋادورنىڭ 200 دېڭىز مىلى قىلىپ بەلگىلەنگەن. بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى خەلقارا قانۇن كومىتېتىنىڭ 8-يىغىنى دېڭىز تەۋەسى كەڭلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا، 12 دېڭىز مىلىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ يىل 2-ئايدىن 4-ئايغىچە بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقارا دېڭىز ئىشلىرى قانۇنى توغرىسىدا جەنۋەدە ئېچىلغان يىغىنىدا دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي تالاش-تارتىشلار بولۇپ، بۇ يىغىن كوپ سانىنى تەشكىل قىلغان $\frac{2}{3}$ قىسىم دولەتلەرنىڭ ماقۇللىشىدىن ئوتكەن بىر قارارغا ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇزاكىرىلەر داۋامىدا كوپ ساندىكى دولەتلەرنىڭ ئاقش ۋە ئەنگلىيە دولەتلىرىنىڭ ئۈچ دېڭىز مىلى چەك قىلىنىشى كېرەك دەپ يولسىزلارچە ئېسىلىۋالغان تەكلىۋىگە قارشى چىقىپ، 12 دېڭىز مىلىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك دېگەن تەكلىپكە

قوشۇلغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ بەلگىلىگەن 12 دېڭىز مىلى ئۇزۇنلۇقىدىكى دېڭىز تەۋەسى كەڭلىكى خەلقارا ئەمەلىيەتتىن قارىغاندىمۇ، خەلقارا قانۇن پرىنسىپلىرىدىن قارىغاندىمۇ تامامەن ئاساسلىق.

## 3. جاھانگىر دۆلەتلەر نېمە ئۈچۈن دېڭىز تەۋەسى كەڭلىكىنى 3 دېڭىز مىلى بولسۇن دەپ قۇۋۋەتلەيدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى، جاھانگىر دۆلەتلەر خەلقارا دېڭىز قاتناش ئىشلىرى مەنپەئەتىنى ئاساس قىلمايدۇ، بەلكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە تاجاۋۇز قىلىشتەك ياۋايى نىيەتلىرىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇرۇن تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقە بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. 1896 ـ يىلى گوللاندىيە دېڭىز تەۋەسى كەڭلىكىنى 6 دېڭىز مىلىغا كېڭەيتىش تەكلىپىنى بەرگەندە، بىر مۇنچە دۆلەتلەر بۇ تەكلىپكە قوشۇلغان ئىدى، لېكىن بۇنىڭغا ئەنگلىيە قارشى چىقتى. گوللاندىيىنىڭ ئەلچىسى بۇ ھەقتە ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چارلىس بېيىرگە: «ئەگەر ئەنگلىيە دېڭىز تەۋەسىنى 6 دېڭىز مىلىغا كېڭەيتىدىغان بولسا، تەبىي ھالدا ئەنگلىيىنىڭ بېلىقچىلىقىغىمۇ كۆپ پايدىسى بولىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمما ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇنىڭغا: «دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكى كېڭەيتىلىدىغان بولسا، بىز سىلەرنىڭ دېڭىز بويلىرىڭلارغا بېرىپ بېلىق تۇتالماي قالىمىز. بىلىپ

قويۇش كېرەككى، بىزنىڭ دېڭىز تەۋەيىمىز، قانچە كېڭەيتىلگەن بىلەنمۇ، بىز يەنە سىلەر تەرەپكە بېرىپ بېلىق تۇتۇمىز» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. يېقىندا، ئەنگلىيە ئىسلاندىيىنىڭ دېڭىز تەۋەسىنى 12 دېڭىز مىلىغا كېڭەيتكەنلىكىگە ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق ئېتىۋارسىز قاراپ، ئىسلاندىيىنىڭ دېڭىز تەۋەسىدىن بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئۇرۇش پاراخودىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بېلىقچىلىق كېمىلىرىنى ئەۋەتتى، ھەتتا ئىسلاندىيىنىڭ دېڭىز ئەسكەرلىرىدىن 10 كىشىنى تۇتۇپ قالدى، مانا بۇ جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكىنى نېمە ئۈچۈن 3 دېڭىز مىلىدىن ئاشۇرماسلىقنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئاق ش گوۋۇيۈەنىنىڭ ئەمەلدارى بىز تەرەپتىن ئېلان قىلىنغان دېڭىز تەۋەيىمىز توغرىسىدىكى باياناتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «بىزنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ دېڭىز تەۋەسىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز — مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ تاكى جېففېرسون دەۋرىدىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن — 3 دېڭىز مىلى بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت» دېيىشتى. 3 دېڭىز مىلىنىڭ« دېڭىز تەۋەسىنىڭ ئەنئەنىلىك كەڭلىكى» دېگىنى زادى قانداق ئىش؟ بۇنىڭ خەلقارا قانۇنىي ئاساسى بارمۇ؟ بۇ ھەقتە بىز پەقەت شۇچاغدىكى 3 دېڭىز مىلىنى بەلگىلەشنىڭ سەۋەبىنى كۆزدىن كەچۈرسەك بۇنى چۈشۈنۈپ ئالالايمىز. دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكىنى 3 دېڭىز مىلى قىلىپ دەسلەپ ئاق ش بەلگىلىگەن ئىدى، بۇ 1793 ـ يىلدىكى ئىش، كېيىنچە روسسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرمۇ بۇ ھەقتە توپ ئېتىمى تۈزۈمىنى قوللاندى (روسسىيە كېيىن 12 ـ دېڭىز مىلىغا ئۆزگەرتتى). شۇچاغلاردا زەمبىرەكنىڭ ئېتىش مۇساپىسى

3 دېڭىز مىلى بولغانلىغىغا قاراپ شۇنداق بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇچاغدا دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەر 3 دېڭىز مىلى ئارىلىغىدىكى دېڭىز تەۋەسىنى زەمبىرەك ئوتى ساقلىيالايدىغانلىغى ئۈچۈن بۇ شۇ دۆلەتنىڭ دېڭىز تەۋەسى قىلىنغان ئىدى، ۋاھالەنكى، ھەربىي قۇرالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بۈگۈنكى كۈندە 3 دېڭىز مىلى كەڭلىكى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئاساسىنى يوقۇتۇپ قويدى. شۇنىڭدەك ئەمەلىيەتتە كۆپچىلىك دۆلەتلەر بۇنىڭدىن ۋاز كەچتى. ھازىر يەنە 3 دېڭىز مىلىنى دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكى قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن ئاران 20 نەچچىسى قالدى. ئاقش گوۋۋېرنەمېنتىنىڭ بايانا تچىسى ئاقش نىڭ «ئەزەلدىن دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى 3 دېڭىز مىلىدىن ئىبارەت» دېگەن سۆزلىرىنىڭ بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دېڭىز قانۇنى ھەققىدىكى يىغىنىدا مەجبۇرەن ئۆزگەرتىلگەنلىگىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئاقش ۋەكىلى دېئىن 4 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى يىغىنىدا، دېڭىز تەۋەسىنى 3 دېڭىز مىلىدىن 6 دېڭىز مىلىغا ئۆزگەرتىش تەكلىۋىنى بەردى، بۇ تەكلىپنى ئەنگلىيەمۇ قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ئاقش، ئەنگلىيەلەرنىڭ «دېڭىز تەۋەسىنىڭ ئەنئەنىلىك كەڭلىگى» دېگەن بايانلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئەپچىغى چىققان ئىدى.

## 4. ئوچۇق دېڭىز دېگەن نىمە؟

ئوچۇق دېڭىز دەپ بارلىق دۆلەتلەر ئورتاق پايدىلىنىدىغان دېڭىز ۋە ئوكياناارغا ئېيتىلىدۇ. ئوچۇق دېڭىزدا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرى ۋە گراژدانلىرى ئەركىن يۈرەلەيدۇ، بېلىق تۇتالايدۇ،

ئۆۋقىلالايدۇ ۋە دېڭىز ئۈستىدىكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ، شۇنىڭدەك دېڭىز ئاستى سىمتاناپلىرىنى ئورنىتالايدۇ. ئوچۇق دېڭىز ئەركىنلىكى پرىنسىپى خەلقارا قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن تونۇلغان.

## 5. دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىگىنى قانداق ھېساپلىنىدۇ ؟

دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىگى دېڭىز قىرغىقىنىڭ قانداق يېرىدىن ھېساپلىنىشى لازىم؟ بۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىز قىرغىقىغا بىرسىزىق بەلگىلەپ، شۇسىزىقتىن تاشقىرىغا قارىتىپ مەلۇم كەڭلىكتىكى دېڭىز تەۋەسى ئۆلچەپ چىقىلىدۇ، بۇسىزىق دېڭىز تەۋەسىنىڭ ئاساسىي سىزىغى ھېساپلىنىدۇ. دېڭىز تەۋەسىنىڭ ئاساسىي سىزىغىنى بەلگىلەش ئۇسۇلى خەلقارا جەھەتتە ئومۇمەن 2 خىل بولىدۇ: بىر خىلى «ئادەتتىكى ئاساسىي سىزىق ئۇسۇلى» دېيىلىدۇ (قوشۇمچە خەرىتە)، يەنى دېڭىز دولقۇنى پەسەيگەن چاغدىكى سىزىق دېڭىز تەۋەسىنىڭ ئاساسىي سىزىغى قىلىنىدۇ (ھەر قېتىمقى دولقۇن پەسىيىپ قىرغاقتىن ئەڭ يىراق يەرگە يېتىپ كەلگەن چاغدىكى سىزىق شۇندىن كېيىن مۇشۇ ئاساسىي سىزىقتىن باشلاپ تاشقىرىغا قارىتىپ دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭلىكى ھېساپلاپ چىقىلىدۇ. يەنە بىر خىلى «تۈز ئاساسىي سىزىق ئۇسۇلى» (قوشۇمچە خەرىتە)، يەنى چوڭ قۇرۇغلۇق قىرغىقىدىن ۋە دېڭىز بويىلىرىدىكى ئاراللاردىن ئاۋال مەلۇم نۇقتىلار تاللىۋېلىنىپ ئاساسىي نۇقتا قىلىنىدۇ، بۇ ئاساسىي نۇقتىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھەر 2 نۇقتا

www.uyghurkitap.com

بىر ـ بىرسىگە ئۆتاشتۇرۇلغاندا تۆزسىزىق ھاسىل بولۇدۇ ـ دە، بۇ تۆزسىزىق ئاساسي سىزىق قىلىنغان ھالدا ئاشقىرىسىغا قارىتىپ مەلۇم كەڭلىكتىكى دېڭىز رايونى ئۆلچەپ چىقىلىدۇ، بۇ دېڭىز تەۋەلىكى بولۇدۇ. بۇنداق ئۇسۇل ئادەتتە دېڭىز قىرغاقلىرى بىرقەدەر ئەگرى ـ توقايىراق دولەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەگەر ئۇلار «ئادەتتىكى ئاساسي سىزىق ئۇسۇلى»نى قوللانسا دېڭىز تەۋەسىنىڭ چېگرىسىنى ئايرىپ چىقىشتا قىيىنچىلىق بولۇدۇ. ھوكۇمىتىمىزنىڭ ھازىرقى قوللانغىنى «تۆز ئاساسي سىزىق ئۇسۇلى» دۇر.

## 6. ئىچكى دېڭىز دېگەن نىمە؟

ئاساسي سىزىق بىلەن قىرغاق سىزىقى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ مەيدانى ئىچكى دېڭىز دېيىلىدۇ. ئۇ دېڭىز قىرغىقىدىكى دولەت زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇدۇ. دېڭىز قىرغىقىدىكى دولەتلەردە ئىچكى دېڭىزنى بېكىتىۋېتىپ چەتئەل كېمىلىرىنى كىرگۈزمەسلىك، ياكى ئىچكى دېڭىزغا كىرىشتە رايە قىلىشقا تېگىشلىك ئالاھىدە بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىش ھوقۇقى بولۇدۇ، ئىچكى دېڭىز ئاغزىنىڭ قانچىلىك كەڭلىكتە بولۇش مەسىلىسى ھەر قايسى دولەتلەردە ئوخشاشمايدۇ. ئومۇم ئېتىراپ قىلغان كوز قاراش يوق. بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى خەلقارا قانۇن كومىسسىيىسىنىڭ 7 ـ چاقىرىق يىغىنىدا (1955 ـ يىلى) دېڭىز قولتۇقىنىڭ چەكلەنگەن كەڭلىكى 25 دېڭىز مىلى بولۇش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلىنغان ئىدى، بۇ ئېيقىلغا مۇۋاپىق كېلەتتى، چۈنكى پرىنسىپ جەھەتتە دېڭىز تەۋەسىنىڭ 12 دېڭىز مىلى بولۇشى

رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. لېكىن 8- چاقىرىق ۋىغىنىدا (1956 - ژىل)
يەنە بۇ چەكنى قىسقارتىپ 15 دېڭىز مىلىغا چۈشۈرۈش تەشەببۇسى
قىلىندى، بۇ مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ كومىسسىيە «دېڭىز قانۇنى[1] توغرى-
سىدىكى ماددىسى»دا دېڭىز قولتۇغىنىڭ چەكلەنگەن كەڭلىكى 15 دېڭىز
مىلى دەپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، يەنە بۇ «بەلگىلىمە» تارىخىي خاراكتېر-
دىكى «دېڭىز قولتۇغى» دېگەنگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ» دەپ تونۇدى.
بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تارىخىي خاراكتېردىكى دېڭىز قولتۇغى» دېگىنى
قولتۇغى كەڭرەك بولغان، شۇنىڭدەك دېڭىز قىرغىقىدا ئۆزۈزۈندىن بېرى
ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلدە ئىگەللەپ كەلگەن دۆلەتلەرگە قارى-
تىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ پوخەي قولتۇغى، ئېچكى دېڭىز ھېساپلى-
نىدۇ. پوخەي قولتۇغى ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 45 دېڭىز مىلى بولسىمۇ،
ئەمما قولتۇقتا بىر تۇتاش كەتكەن تاقىم ئاراللار بار بولۇپ، جەمئى
80 ئېغىز بار. شۇنداقلا بۇ ئېغىزلارنىڭ ئەڭ كەڭ بىرسى (لياۋدۇڭ يېرىم
ئارىلى بىلەن بېخۇاڭچىڭ ئارىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىز) تەخمىنەن
22.5 دېڭىز مىلى كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز تەۋەسىنىڭ كەڭ-
لىكى 12 دېڭىز مىلى بولغاندا بۇ ئەڭ كەڭ بولغان ئېغىزمۇ 24 دېڭىز
مىلىدىن ئاشمايدۇ. شۇنىڭدەك پوخەي قولتۇغى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى
دېڭىزى بولۇپ، «تارىخىي خاراكتېردىكى دېڭىز قولتۇغى» ئەھۋالى-
رىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ ھەقتە بۇرۇنلا خەلقارادا ئېتىراپ قىلىنغان
مىسال بار، مۇندىن خېلى بۇرۇن 1864 - ژىل پروسسىيە بىلەن دانىيە
ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولغاندا، پروسسىيىنىڭ بىر توپچى پاراخودى پوخەي
دېڭىزىدە دانىيىنىڭ بىر پاراخودىنى تۇتۇۋالغان ئىدى، شۇ چاغدىكى
جۇڭگو ھوكۇمىتى پوخەي جۇڭگونىڭ ئىچكى دېڭىزى دېگەن ئاساستا

نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، پروسسىيە دانىيىنىڭ پاراخودىنى قويۇۋەتكەن ئىدى، بۇ پۈخەي قولتۇغى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى دېڭىزى ئىكەنلىكىنىڭ مۇندىن 100 يىل بۇرۇن خەلقارادا ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر، باشقا دولەتلەردىمۇ مۇنداق مىساللار تېپىلىدۇ. مەسىلەن، كانادا گودزۇن قولتۇغىنى ئىچكى دېڭىز دەپ تونۇيدۇ، بۇ قولتۇقنىڭ ئاغزى تەخمىنەن 75 دېڭىز مىلى كېلىدۇ؛ ئەنگلىيە بىرىسلول بوغۇزىنى ئىچكى دېڭىز دەپ تونۇيدۇ، بۇ قولتۇقنىڭ ئاغزى تەخمىنەن 100 دېڭىز مىلى كېلىدۇ.

ئادەتتىكى ئاساسي سىزىق ئۇسۇلى




تۈز ئاساسي سىزىق




ئىزاھات: J.I.H.G.F.E.D.C.B.A تاللانغان نۇقتىلەر

IJ,HI,GH,FG,EF,DE,CD,BC,AB تۈز ئاساسىي سىزىق

(ئەسلىدە «رىمىن رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1958 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان)

بۇ كىتاپ جۇڭگو ياشلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 - يىلى سېنتەبىردە بېيجىندە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据中国青年出版社1958年9月北京第一版第一次印刷版本譯出




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

書號:1917(4)443

坚决粉碎美帝的軍事挑衅（維吾尔文）

中國青年出版社編輯

民族出版社翻譯出版 地址:北京安定門外和平東路

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂印刷　　新华書店发行

1958年9月北京第一版　　1958年9月北京第一次印刷

787×1092公厘1/32 印張3 3/8　插頁1 印數:1—3,200冊

統一書号: M3019・維124　定價: 0.15元

ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ

ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىگىنى

تار مار قىلايلى

باھاسى: 15 پۇڭ.